
# جاھاننامە

## مايازبىك قۇشچى

ئىشلىگۈچى :ئابدۇل



# جاھاننامە

(داستان)

## ئاياز بەك قۇشچى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: **توختى ئابىخان، ئابلىمىت ھاجى**

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدە (840 — 1212) ئاساس سېلىنغان يېڭىچە يازما ئەدەبىياتى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ داستانى «ھىبەتۇل ھەقايىق» دا ئۆزىنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

يېڭىچە يازما ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا مۇھەممەت خارازىمنىڭ لىرىك داستانى — «مۇھەببەتنامە»، رابغۇزىنىڭ نەزىم - نەسرىلىك داستانى «قىسەسۇل ئەنبىيا»، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانۇل ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ لۇتپى، سەككاكى، ئاتايىلارنىڭ شېئىرىيىتى ۋە ناۋايىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «خەمسە»، «چاھاردىۋان» ناملىق توپلاملىرى بىلەن تەپەككۇر تىرەنلىكى ۋە بەدىئىي گۈزەللىك يېقىدىن يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

سەئىدىيە دەۋرى (1514 — 1678) پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قاراخانىلار ۋە تېمۇرىلەر دەۋرىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

سەئىدىيە خانلىقى ئۇنى قۇرغۇچى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ خانلىق يەركەننى پايتەخت قىلغانلىقى ئۈچۈن تارىختا يەركەن خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇلتان سەئىدخان 16 - ئەسىردە ئۆتكەن تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ نەسەپنامىسى: خىزىر غوجا — ئوغلى مۇھەممەتخان — ئوغلى شىر مۇھەممەتخان — ئوغلى ئۇۋەيسخان — ئوغلى يۇنۇسخان — نەۋرىسى سۇلتان ئەخمەتخان — ئوغلى سۇلتان سەئىدخان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىدا — سەئىدى، مەۋلانا خىۇلقى، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى، ئاياز بەك قۇشچى، رەشىدى، قىدىرى، نەفىسى، خوجا ئابدۇرازاق، مەخمۇت جوراس قاتارلىق شائىر ۋە ئەدىپلەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئاياز بەك قۇشچى — شائىر، سەركەردە ۋە دولەت ئەرباپلىرىدىن بىرى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەندىجانغا بىرىپ ھاكىم بولغان ياشلىق دەۋرىدىكى يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان. ئاياز بەك قۇشچى سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدىرىشىتخان دەۋرىدىكى گۈللەنگەن سەئىدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «مەخمۇتنامە»، «جاھاننامە» ناملىق ئىككى داستانى ۋە ئابدىرىشىتخاننىڭ خانلىق سەلتەنىتىگە چىقىشىغا بېغىشلانغان «ساقى مەيى پەرەخ بەخش تۇتكىم باھار كەلدى، ئىشرەت زامانى يەتتى ئىول گۈل ئۇزار كەلدى» سەدرىسى بىلەن يېزىلغان مۇبارەكنامىسى، ئابدىرىشىتخاننىڭ خەلققە ھېيتلىق توي قىلىپ بەرگەنلىگىگە بېغىشلىغان «ئىدۇ باھار ئەييامىدۇر ساقى لەبا لەب جام تۇت، ئەيشى تەرەپ دەۋرانىدۇر جامى مەي گۈلپام تۇت» سەدرىسى بىلەن يېزىلغان قەسىدىسى قاتارلىق شېئىرلىرى ھازىرغىچە كوچۇرۇلمە نۇسخىلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سەئىدىيە دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئاياز بەك قۇشچىنىڭ گۈزەل داستانى «جاھاننامە» 2650 مىسرا (1325 بېيت) دىن تەشكىل تاپقان، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان. داستاندا ئەينى زامانىڭ كىتابەت ئادىتى بويىچە، تەڭرى، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ چاھار يارلىرى سۈپەتلىرىگە 60 مىسرا قەسىدە بېغىشلانغان. داستاندا يەنە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەپلىرىگە ئائىت مۇقەددىمە خاراكتېرىدا 160 مىسرالىق بايان، ئەسەرنىڭ ئاپتور ھەسسىياتلىرىغا ئالاقىدار خاتىمىسىگە ئاتالغان 32 مىسرالىق بايان بار. خاس «جاھاننامە» قىسمىنىڭ ئۆزى 2398 مىسرا بىلەن بايان قىلىنغان.

سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن مەيدانغا كەلگەن بۇ چوڭ ھەجىملىك گۈزەل داستان، سەئىدىيە دەۋرىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئۆز دەۋرىنىڭ زور ھۆرمىتى ۋە بەدىي زوقىنى قوزغىغان ئىدى.

«جاھاننامە» داستانى شويبان خاننىڭ سەئىدىيىگە تەۋە بولغان بەدەخشان زۇپەر قەلئەسىگە سالغان تەھدىتىگە قارشى ھەربى يۇرۇشلەر پەيتىدە يېزىلغان. شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، زوھرىدىن مۇھەممەت بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى كوپلىگەن ئەسلىمىلەرمۇ دەل شۇ شويبان خان ۋەقەسىگە ئائىتتۇر.

تارىختا مەلۇمكى، ئۆزبېك خان 1313 — 1340 -يىللىرى ئالتۇن ئوردىدا مۇسۇلمان بولغان جۇجىخان قىسىملىرىنىڭ خانى ئىدى. ئۇ، ئوبۇلخەيرى دەۋرىدە، سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغان ئۆزبېك خان، تومۇرلەڭنىڭ نەۋرىسى بولغان ئۇلۇغ بىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسيان قىلغان جىيەنى ئالادۇلەنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھىراتقا ماڭغىنىدىن پايدىلانغان ئىدى. ئوبۇلخەيرى ئولگەندىن كېيىن، دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى پارچىلاندى. ئۇلارنى ئوبۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى مەھەممەت شويبان خان (1450—1510) قايتا ئۇيۇشتۇردى. ئۇ 1499—1500-يىللىرى بۇخارانى ئىگەللىدى. بابۇرنىڭ ۋە سۇسان ھوسەيىن بايقارا (1416—1506) نىڭ قولىدىكى ماۋەرەننەھرى ۋە خوراسان رايونلىرى كوپ ئۆتمەي شويبانىخاننىڭ قولىغا ئوتتى. شويبانىخان پەرغانە ۋە تاشكەنتنى ئىلىشتا، بۇ يۇرتلارنىڭ ھاكىمى بولغان سۇلتان مەخمۇت-

خان بىلەن ۋە ئاكا ئاقۇدىن ياردەمگە قوشۇن تارتىپ چىققان ئىنىسى ئەخمەتخان بىلەن كوپ قېتىم ئۇرۇشۇپ، مەخمۇتخان پاجەسىنى پەيدا قىلدى. ئەخمەتخان ئاقۇدا كېسەل بىلەن ئولدى. ئوز غەلىبىلىرىدىن ئېسىنى يىقاتقان شويبانىخان ئىران ساپاۋى خانلىغىنىڭ پادىشاسى ئىسمائىل شاھ بىلەن ئۇرۇشتى ۋە 1510 - يىلى مەرۋي يېنىدىكى جەڭدە ئولتۇرۇلدى. مۇھەممەت بابۇر شويبانىخانىنىڭ ئولتۇرۇلگەنلىگىدىن روھلىنىپ ئىسمائىل شاھقا مەكتۇپنامە ئەۋەتكەن ئىدى. بابۇر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سەمەرقەنتكە كېلىپ، تىمۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ماۋەرەئۇننەھرگە خان بولدى. سۇلتان سەئىدخان بولسا ئاقسۇدىن چىقىپ تاغىسى مەخمۇتخانىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە شويبانىخان ئىگەللەپ ئالغان پەرغانە رايونىغا بىر مەزگىل خان بولدى.

ئاياز بىك قۇشچى «جاھاننامە» داستانىدا ئوزىنىڭ سۇلتان سەئىدخانغا ئەگىشىپ ئەندىجانغا كەلگەنلىگى ھەققىدە توختىلىپ:

"جاھان ئىچرە بى ھەسەل ئۇل جان ئېرۇر،
ئاتادىن ئاتاخان بىرخان ئېرۇر.
تابۇغىدا كەلدىم قەدىمى قۇلى،
نىچۇككىم گۇل ئولسە بولۇپ بۇلبۇلى.
ئەلىپ ئۇلتۇرۇپ ئەندىجان مۇلكىنى،
ئالاي دەپ خىيالى جاھان مۇلكىنى."

دەپ يازغان ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئەندىجاندا خان بولۇپ تۇرغان چېغىدا، قەشقەر ھاكىمى ئابابەكرى مىرزا ئوڭا قارشى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلگەن ئىدى. كوپ ئوتمەي، شويبانىخانىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئۇنىڭ تاغىسى بولغان ئەبەيدۇللاخان باشچىلىغىدىكى ئوزبېك تورىلىرى بابۇرنى سۇرۇپ ئۇنى ئوز يۇرتىنى مەڭگۇ تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. بابۇر ھىندىستان تەرەپكە سۇرۇلدى ۋە 1519 - يىلى دېھلى سۇلتانى ئىبراھىم رودىنى يېڭىپ، ھىندىستاندا بابۇرىلەر سۇلالىسىنى قۇردى. مانا شۇ خىل تارىخىي شارائىتتا، ئەبەيدۇللاخانىنىڭ قوشۇنلىرى پەرغانە ۋادىسىگە كىرىپ، سۇلتان سەئىدخانىنى قىسىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان، قېرىغانسېرى زالىملىشىپ كەتكەن ئابابەكرى مىرزىدىن بىزار بولغان قەشقەرىيە خەلقى سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئاتا يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىنى ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يوشۇرۇن كىشىلەر ئەۋەتتى. بۇ ئىككى ئەھۋال سۇلتان سەئىدخانىنىڭ قەشقەرىيىگە قاراپ يۇرۇش قىلىشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى. «جاھاننامە» داستانىدا بۇ ۋەقە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

"ئابابەكرى ئەردى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئەردى رۇستەمدىن ئۇنىڭ كەمى،
ئەنىڭ مۇلكىدىكى ئەل - ئۇلۇس تامام،
تاپىپ ئەردى بەندۇ بالادا مۇقام.

.........

مۇسۇلمانلار ئەرمىشتۇك ئەسرۇ خاراپ،
كورۇپ زالىم ئىلكىدە تۇرلۇك ئازاپ.
بولۇپ ئۇشبۇلار بائىس شەھرۇيار،
بولۇپ ئىتتىپاقۇ سىغارۇ كىبار.
راۋان بولدى خان كاشغەر مۇلكىگە،
كىم ئول خەبرى بىخەبەر مۇلكىگە".

سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرى مىرزىنى تارمار قىلدى. ئابابەكرى مىرزا تىبەتكە قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى سۇپىتىدە باش كوتەرگەن جاھانگىر مىرزىنىمۇ يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەركەندە خانلىق سەلتەنىتىگە چىقتى. ئەبەيدۇللاخان باشچىلىقىدىكى ئۇزبېك ئاقسوڭەكلىرى پەرغانىنى ئىشغال قىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەدەخشاننى، ھەتتا قەشقەرىيەنىمۇ ئىشغال قىلىش قەستىگە كىرىشكەن ئىدى. ئاياز بىك قۇشچى «جاھاننامە» داستانىدا بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

"تابوغىندا مەن بولۇپ سۇبھو شام،
تۇرۇپ قۇللۇغىدا قىلىپ ئىھتىمام.
بولۇپ لۇتپى ئىھسانىدىن سەرپىراز،
بولۇپ ئەردى مەخمۇت يەگلىغ ئاياز.
كى ۋەقە بولۇپ ئانداق ئەييام ئىشى،
كەلىبان بەدەخشان سارىدىن كىشى.
خەبەر بەردى بى سەر قاپتۇر ئۇلۇس،
بۇزۇغلۇققا كوگۇل ساپتۇر ئۇلۇس.
ئول ئەلنى ئىلىكلا ماساخان ئازىپ،
ئەسىر ئۇلغۇسىدۇر پەقىرۇ - غەرىپ.
ئۇلۇر ئول ۋىلايەتكە ئۇزبېك كېلىپ،
مېنى ئەل ئىبەردىلەر ئانداق بىلىپ.
راۋان بولدۇم ئەمىر ئىلاھى بىلان،
كىرىپ يولغا پەرمان ئىلاھى بىلان".

بەدەخشان ئەسلىدە قەشقەرىيەگە قاراشلىق بىر ۋىلايەت ئىدى. ئابابەكرى مىرزا زامانىدا مىرزاخان بۇ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاغىسى خان مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئابابەكرى مىرزا ھاكىمىيىتى غۇلىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇزبېك تورىلىرىنىڭ ،كۈشكۈرتىشى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىغا نىسبەتەن "مۇستەقىل" بولىۋالغان.

بۇ قېتىمقى بەدەخشان يۈرۈشىگە سۇلتان سەئىدخان ئۆزى باشچىلىق قىلدى. ئۇ زۇپەر قەلئەسىگە يېتىپ بارغاندا، مىرزاخان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خاتالىقىنى تونۇدى. سەئىد-

خان ئۇنى ئەپۇ قىلدى. بۇ قېتىمقى ھەربى يۈرۈشكە قاتناشقان سەركەردىلەر ئىچىدە سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدىرىشىتخان بىلەن بىللە ئايازبېك قۇشچىمۇ بولغان.

ئايازبېك قۇشچى «جاھاننامە» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ بەدەخشان سەپىرىدە يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى سۆيگەن مەھبۇبىنى ئۇچراتقانلىغىنى، كونا ئىشىق ۋە ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا ئويلاپ ھاياجانلىنىپ شۇ كۈنى كەچتە بارگادا ئۇخلىيالمىغانلىغىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىر بارگادا ياتقان ياش ئۈلپىتىگە بۇ سىرىنى سوزلەپ بەرگەنلىگىنى ھەمدە ئۇنىڭ تەكلىۋى بىلەن «جاھاننامە» داستانىنى يازغانلىغىنى ئىزھار قىلىدۇ.
داستاندىكى:

"بۇ تەقەررۇپ بولدى كەل ئى نەۋجۇۋان،
مۇبارەك زەمرىگگە يەتسە كامان.
مەن ئاندىن ساڭا بىر ھىكايەت قىلاي،
ۋاپاسىز جاھاندىن شىكايەت قىلاي."

دىگەن مىسرالارغا قارىغاندا بۇ نەۋجوۋان (ياش يىگىت) ئەمدى يېقىنلاشقان (تەقەررۇپ) يېڭى سىرداش بولۇپ، سىر خۇددى ئوقيا ئوقى (كامان) دەك ئۇنىڭ سىر ساقلىغۇچى قەلبىگە (زەمرىگە) يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى تەۋسىيە قىلىنغان.
داستاننىڭ ئاياقلاشقان ۋاقتى ھەققىدە ئۇنىڭ خاتىمە قىسمىدا تولىمۇ ئېنىقسىز ھالدا پەقەت:

"يىل ئات ئەردى ماچىن تارىخىدا،
رەجەپ ئاي فۇرخەند تارىخىدا.
تۈگەتتىم جاھان مېھنەتى غوسسەسىن،
قىلىپ نەزمە بىر داستان قىسسەسىن.
جاھاننامە قويدۇم ئۇنىڭ ئاتىنى،
دىدىم چۈن ئۇنىڭ ھالۇ ھالاتىنى"

دىيىلگەن خالاس.
ئايازبېك قۇشچى «جاھاننامە» داستانىدا چوڭقۇر بىر پەلسەپۋى پىكىرنى — كائىناتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەركەتتە ۋە ئۆزگىرىشتە بولىدىغانلىغىنى ھىكايەت شەكلىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، تۇغۇلماقتا ئۆلمەكلىك، خوشاللىقتا قايغۇ - ھەسرەت، گۈللىنىشتە خاراپلىق ئامىللىرى ساقلىنىدىغانلىغىنى، جاھان ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ قانۇنىيەتكە زادى خىلاپلىق قىلمىغانلىغىنى، ئالەمنى، ھاياتلىقنى، خوشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە دەپ قاراش "ئەجەپ غەپلەت" ئىكەنلىگىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ:

"ئايازا ئەجەپ غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ،
كى سەن خاھى بىدار، خاھى ئويقۇ.

نە ۋاقتى نە سائەتكى سەندىن بۆگۈن،
ئۆتەر ئۆمۈر ئىرۇر ئول ئەمەستۇر ئۆكۈن.
يوق نەرسە ئوشال ۋاقت سائەت تورۇر،
كم ئاي - يىلۇ ھەر كونۇ - تۈن يۈرۈر.
ئۆتەردك كورۈنەر ساڭا ئول ۋەلى،
يۈرۈرلەر جاھاندىن سېنى سورغالى."

دەپ، ئۆتۈۋاتقان نەرسە ۋاقت، سائەت، ئاي، يىل ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر. ۋاقت سېنىڭ كويۈڭدا، ئۇ سېنى جاھاندىن ئېلپ كەتمەك پەيىدا يۈردۇ، دەپ ختاپ قلدۇ.

ئايازبېك قۇشچى بۇ پەلسەپىۋى ئىدىيىسگە ئىسپات قلپ مۇنداق بر گۈزەل ھكايىنى سوزلەيدۇ:

شەھرىيار ناملق بر پادشالق بولۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى سمىن شەھرىدە شەھسۋار ئىسملك پادشا بولغان، ئۇ ئوغۇلسزلق دەردىدە ياشايدۇ. كېيىن فىروز شاھ ئىسملك بر ئوغۇلغا ئىگە بولىدۇ. فىروز شاھ بالاغەتكە يېتدۇ. ئۇ بر كۈنى مەي ئېچپ، مەيدىن كېيىن ئۇخلاپ چۈش كوردۇ. چۈشدە چارۋاغدكى بر قەسىر ئىچىگە كرىپ ئۇ يەردە پەرىلەر ئارىسدا تۇرغان رەنا ئىسملك پەرىزاتنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. قەسىردە كوڭۈللۈك سوھبەت ۋە شرىن بەزمىلەر بولىدۇ. بەزمە شارابىدىن مەس بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن فىروز شاھ ئويغنىپ، ئۆزىنى يەنە ئۆز ھەرىمىدە كوردۇ. شۇندىن باشلاپ، ئۇ رەنا ئىسملك پەرىزاتقا ئاشقى بىقارار بولۇپ ئۇنى ئىزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي كېسەل بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سەلىم ئاتلق ۋەزىر ئۆز ئوغلى فىروزارايىنى شاھزادىدىن ئەھۋال ئۇقۇشقا دەۋەت قلدۇ. ئۇلار شاھزادىنى ئوۋغا ئېلپ چىقىدۇ. ئوۋدا يۈرگەندە فىروز شاھنىڭ ئالدىدىن بر كېيىك ئۆتدۇ، ئۇ، كېيىكنى قوغلايدۇ، كېيىك شاھزادىنى ئەگەشتۈرۈپ چۈشدە كورگەن چارۋاغقا ئېلپ باردۇ. شاھزادە رەنا ئىسملك پەرىزاتنى كورۈشى بىلەن بىھۇش بولۇپ يىقىلىدۇ. پەرىزات ئۇنى ئۆز قۇچىغىدا ھۇشىغا كەلتۈردۇ. ئۇلار نەسەب ۋە ھال - ئەھۋال سورىشدۇ. پەرىزات شاھزادىنىڭ ئىشقى ئارزۇسىغا ئۈچ تۈرلۈك شەرت قويىدۇ. بۇ ئۈچ شەرت: پەرىزات ئۇيقۇغا كەتكەندە ئۇنى تېرەن مەنىلىك سوزلەر بىلەن ئۈچ قېتىم ئويغىتىش كېرەك ئىدى.

پەرىزات بىرىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزات ياتقان تەخت پايە بىلەن سوھبەتلىشدۇ:

"نە كم سەرگۈزەشت ئەيلەگەن ئەردى تەخت،
پەلەك جەۋرىلەر زۇلمىدىن نەرىم - سەخت."

تەختى پايە ئۆزىنىڭ ئەسلى نىل ۋادىسىدىكى مول يوپۇرماقلىق دەرەخ ئىكەنلىكىنى سوزلەيدۇ، سايىسىدىن ھوزۇرلانغان بەزمىچىلەر ۋە شېخىدىن بەھرىلەنگەن ئۇچار قۇشلار توغرىلىق بايان قلدۇ. دەرەخ ئاخىرى ۋەيرانلىق قىسمىتىگە مۇپتىلا بولۇپ قۇرىغان، كېسىلگەن

ۋە تەخت قىلىنغان. شائىر تەختى پايە ھېكايىسى ئارقىلىق پەرىزاتنىڭ تەسىرلىنىپ ئويغانغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالەمنىڭ بىقارارلىقىنى دەلىللەيدۇ.

پەرىزات ئىككىنچى قېتىم ئويقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزاتنىڭ ئالدىدا تۇرغان تاش قاچا بىلەن سوھبەتلىشىدۇ:

"سوراھى ئىچى ھەم تولا قان ئىدى،
پەلەك دەردى بىھەد بايان ئىدى."

تاش قاچا ئۆزىنىڭ ئېلبىرس تېغىدىكى قورام تاش ھەتتا ئېلبىرس تېغىغا ئاسماندىن چۈشكەن سەنگى (مېتورىت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ سۇلايمان، جەمشىت، كەيكۇبات ۋە ئىسكەندەر دەۋرلىرىنىمۇ كۆرگەن. كېيىن ئوبۇلخەيرى ھەككاك ناملىق تاشچى ئۇنى ئېلىپ كېتىپ قاچا ياسىغان. شائىر بۇ دېتال ئارقىلىق مېتورىت ھەم قورام تاشنىڭمۇ ھادىسى ئالەمدىن خالى ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ.

پەرىزات ئۈچىنچى قېتىم ئويقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزاتنىڭ يېنىدا يېنىقلىق تۇرغان شام بىلەن سوھبەتلىشىدۇ:

"دىيەلمەي غەمىن شەمئى ھەم زار ئىدى،
پەلەكتىن بەسى ئوتلىرى بار ئىدى."

شام ئۆزىنىڭ ئەسلى قوزا بولۇپ كېيىن قوي بولۇپ ئىككىنى قوزىلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ مېيىدا شام ياسىغىچە بولغان، بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەر ئۈستىدە سۆزلەيدۇ، شائىر شام ھېكايىسى ئارقىلىق ئالەم ئۆزگىرىشلىرى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ.

شۇندىن كېيىن پەرىزات شاھزادىغا ئۆز رايىنى بېرىپ، دادىسى شاھ تاجى ۋە ئانىسى ماھىرۇيىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئىككى ئاي توي قىلىپ نىكاللىق بولىدۇ. شائىر بىر خۇشاللىق ئىزىدا بىر قايغۇنىڭ تۇرىدىغانلىقىدىن بىشارەت قىلىپ، فىرۇز شاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغۇل ھىجرىدە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئاتىسى شەھسۇۋارنىڭ ئوغلىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي بىئارام بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ ۋە ۋەزىر سەلىمنىڭ تىلىدىن كەنئانلىق ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئارىسىدىكى ھىجران ۋە ۋىسال قىسسىسىنى بېرىدۇ. بۇ چاغدا، شاھزادە فىرۇز شاھ چۈشىدە ئاتا-ئانىسىنى كۆرىدۇ ۋە چەكسىز پەرىشانلىق ئىچىدە پەرىزات رەنا بىلەن سىمىن شەھىرىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇلار سىمىن شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. شەھسۇۋار ئوغلىغا خانلىق سەلتەنىتىنى بېرىپ ئاندىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. فىرۇز شاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. كېيىن پەرىزات ۋاپات بولۇپ، شاھ تەركى دۇنيا بولىدۇ. خەلقنىڭ ئەلۋى ۋە ۋەزىر فىرۇزرايىنىڭ تەكلىۋى بىلەن فىرۇز شاھ ئوغلى پەررۇخسۇۋارغا شاھلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ.

فىرۇز شاھ تەركى دۇنيالىقتا يۈرگەندە، يەنە ياشلىق چېغىدا ئۇچراتقان ھېلىقى كېيىكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن يەنە چار باققا كېلىپ قالىدۇ. قارىسا، ئۇنىڭدا

هىچنەرسە قالمىغان...

ئايازبەك قۇشچى ئۆز داستانىدا ئەرىش ئۈستى، دىۋە-پەرىلەر، مىنىرالﻻر ۋە ئۆسۈملۈكلەر، هايۋانلار ۋە ئىنسانىيەت، روھى هايات ۋە تەبەككۇردىكى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختالدى. ئۇ:

"تۈزۈلگەن زاماندىن پەلەك گەردىشى،
ئىرۇر خاندانلارنى بۇزماق ئىشى.
......
قايان باردى بۇ هەم نەشىلەر دىمەس،
ئۇلارنى كورۇپ ئۆز غەمىن يىمەس."

ئىكەنلىگىنى بەدىي ئۇسۇلدا بايان قىلدى. ئەمما ئايازبەك قۇشچى ئۆز داستانىدىكى ۋەقەلەردىن پاسسىپ، ئۈمىتسىز ۋە روهانى خۇلاسە چىقارمايدۇ، بەلكى قىسقا ئۆمۈرنى خەلققە، جامائەتكە بېغىشلاش لازىملىغىنى، پادىشالارنىڭ ئادىل ۋە رەهىمدىل بولۇشى كېرەكلىگىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ رىيالىستىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"تۈزۈك تەرھ ئەيلە ئەدلۇ بۇنياد قىل،
ئادالەت بىرلە مۇلكۇ ئاباد قىل.
......
دىل ئازارلىق پىشەسى شۇمدۇر،
نە بولغاي دىل ئازارى مەلۇمدۇر.
بولۇپ رەهىمدىل خەلق ئىچىن شاد قىل،
دۇئادا بىرەرتە بىزنى هەم ياد قىل.
......
ئادالەت بىرلە تۈزدى ئانداق ئۆزىن،
ئىككى قىلمادى بىر ئېيتقان سوزىن".

توۋەندە «جاهاننامە» داستانىنىڭ تولۇق تېكستى بېرىلدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ داستانىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى مول مەزمۇن بىلەن بېيىتىدۇ.

سانايى جاهان ئاپىرىنىغە بىرۇن،
كىم ئاندىن ئەمەستۇر ئىشى يوشۇرۇن.
نە كىم ئادەمىنىڭ خىيالى يېتەر،
هەر ئىشكىم ئۇلۇستىن نىهانە ئىتەر،
بارى ئەنىڭ ئالدىدا يەكسەن دۇرۇر،

ئەچۇق دەستۇگەر نىيزە مىسكىن دۇرۇر.
نىكىم ئالىمۇ ئەهلدە باردۇر،
ئەنىڭ قۇدرىتى ئاندا ئىزهاردۇر.
جاهاندا نىكىم جانىسىز دۇرۇر،
هاۋادا ئۇچار، يەردە يۈگۈرۈپ يۇرۇر.

ئەنىڭ قۇدرىتىدىن پەرۇ بال ئۇچار،
ئەنىڭ قۇدرىتى بىرلە يۈگۈرۈپ قاچار.
دەرەخت، گۈلۇ، سەبزۇ خارۇ خەس،
ئەنىڭ قۇدرىتىدىن ئۈنۈپ هەر نەپەس،
چىقار يەردىنمۇ سەبزە خۇررەم بولۇپ،
كوكۈلدىن غەم ئول ۋەقتلار كەم بولۇپ.
تاپىپ هەر بىرى بىر سۈپەتتە كامال،
تاپار چۈن كامالغا يەتسە زاۋال.
باهارۇ خەزان مەۋسىمى كىم ئىرۇر،

بۇلارنىڭ كامالۇ زاۋالىن بىرۇر.
ياراتماقتا هەر بىرىنى با هىكمەتى،
نە هىكمەت قىلاي دەر، يەتەر قۇدرىتى.
ئىرۇر ئادەم ئوغلىغا، هەم ئۇشبۇ هال،
بىرگە كامالۇ، بىرگە زاۋال.
زاۋال ئولمىسا قانى بولغاي ئىدى،
جاهان ئادەمى بىرلە تولغاي ئىدى.
ۋاپاسىزدۇر ئۇشبۇ جاهان ئى رەپىق،
ۋاپا بولسا ئىدى قانى ئول شەپىق.

## هەزرىتى رىسالەت سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ۋە چاهار يار بەرگەزىدەنىڭ سۈپەتلەرى

هەبىبى خۇدا هەزرىتى مۇستەفا،
كىم ئەردى جاهان ئەهلىغە پىشەۋا.
گەزىن قىلغان ئول پىشۋا ئەهلىدىن،
ئەبابەكرى سىدىق بەرهەم نەشىن.
بەزور بولغاچ ئىسلامغا هەق زەپەر،
سائادەت تېپىپ بائەس ئولغاي ئومەر.
تەقى ئىبنى ئەففان هەيا مەئدەنى،
ئەچىلغان يۈزىدە ساپا گۈلشەنى.
تەقى هەيدەر ساهىبى زۇلفىقار،
كى شىرىم دىگەن ئەردى پەرۋەردىگار.
ئۇلارغە ۋەفا قىلمىدى بۇ جاهان،
سەنۇ مەندەك ئەۋارىلارغە نە سان.
نە شاهۇ، نە دەرۋىش، نە ئامۇ خاس،
پەلەك جەۋرىدىن ئولغان ئەرمەس خالاس.
تۈزۈلگەن زاماندىن بارى گەردىشى،
ئىرۇر خانىدانلارنى بۇزماق ئىشى.

نە جەم ئەنكىم ئەنى كوردى شات،
كى بىر بىردىن ئەتتۇرمادى خەيرباد.
نە مىسكىنكى ئەمدى ۋەتەن قىلدى كەرەم،
ئانى سورمادى ئاندىن ئول نەرەم-نەرەم.
ئەجەپ غەپلەتى ئادىمزادىغە،
قويار مىهرى بۇ مىهنەت ئابادىغە.
كورەر كىم كوزى ئالدىدا هەر زامان،
چىقىرار هەم نەشلەرنى بۇ خاكدان.
قايان باردى بۇ هەم نەشىنلەر دىمەس،
ئۇلارنى كورۈپ ئۆز غەمىنى يىمەس.
هەمىشە بولۇر ئۇشبۇكىم ئوشبۇ كۈن،
سالامەتمۇدۇر جەمئى باغرى پۈتۈن.
چۇ تاڭلا باقارسەن ئۇشۇل جەمئى ئادا،
ئەچىلىپتۇر ئەلۋەتتە بىردىن جودا.
بولار تەجرىبە بولمىغان بولسا هىچ،
بىلۇرسەن بۇگۈن تاڭلا بولماس بۇ كېچ.

## بۇ شىكەستەنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتەسىدە هەزرىتى خان قۇللۇقىغە مۇشەررەف بولۇپ بۇ جاهاننامەنى ئەيتقانىنىڭ سەۋەبى

بۇ تەقەررۇپ بولدى كەل ئەي نەۋ جۇۋان،
مۇبارەك زەمىنىگە يەتسە كامان.
مەن ئاندىن ساڭا بىر هىكايەت قىلاي،
ۋاپاسىز پەلەكتىن شىكايەت قىلاي.
ماڭا سەرگۈزەشتە ئولغان ئىشتىن دەيمەن،
كوڭۈل غەم بىلە تولغان ئىشتىن دەيمەن.
ئاقىل كوزى بىرلە قىلسا نەزەر،
جاهان ئۇتمۇشۇ نە بىرۇر تېخى بىخەبەر.

خەبەردار ئولۇپ بۇ هىكايەت ئىشت،
ئۇشۇل ۋاقتلار كىم بار ئەردىم يىگىت.
ۋىلايەتتە ساكىن ئىدىم نەچچە يىل،
ماڭا ئول ۋەتەندەك بولۇپ ئەردى بىل.
بار ئەردىم بولەك يارۇ ياران بىلە،
ئۇرۇغۇ قاياشۇ جەمئى تۇققان بىلە.
تۈزدۈك خانۇ خەندان پۇر هوزۇر،
كوڭۈل جەمئى ئەهباپ ئەيشۇ سورۇر.

باھارۇ خازان مەۋسىمى سەير ئېتىپ،
نە يەركىم ساپالىق ئىشتىپ يىتىپ.
گاھى ئولتۇرۇپ، گاھى جەۋلان ئۇرۇپ،
بىيىك پىشە ۋە سەبزەلاردە تۇرۇپ.
كوكۇل خوشلىغان يەردە مەجلىس قۇرۇپ،
مەي ئىچمەككە مەشغۇل ئولۇپ ئولتۇرۇپ.
بىرى بىر-بىمىز بىرلە خۇشال ئىدۇق،
ھەمىشە خۇشانۇ خۇش ئەھۋال ئىدۇق.
خازان پەسلى ھەم باغ ئارام جەم ئولۇپ،
يۇرۇر ئەردۇق ئاسۇدە ئوينىاپ كۇلۇپ.
ئاياققە تۇشۇپ ھەر خازان ياپراغى،
دەر ئەرمىشتۇق ئولدەم بۇ ئىشرەت چاغى.
غەنىمەت دۇرۇر جەمئى ئەھبابغە،
جاھان ۋاقىت قويماس بۇ ئەسبابغە.
بىز ئولدەم يىگىتلىك غورۇرى بىلە،
ئۇشۇل ۋاقىت ئەيشۇ سۇرۇرى بىلە،
خىيال ئەتمەس ئەردۇق ئالەم نىدۇر،
جاھان ۋاقىت قويماسۇ نە غەم نىدۇر،
نەچە يىل بۇ تۇر ئاندا ئىشرەت بىلە،
كەچۇردۇك جاھاننى پاراغەت بىلە.
پەلەك ئاقىبەت شەجەر بۇنياد ئېتىپ،
بۇ جەمىيەتىمىزنى بەرباد ئېتىپ.
سالىپ ھەر بىرىمىزنى بەريان غەمكىن،
قىلىپ پاراغەت ئەندۇھى بىرلە ھەزىن.
غەمۇ غۇربەت ئەكسەرنى ئەيلەپ ھالاك،
تۇگۇندىلەر ئارمانۇ ھەسرەتتە پاك.
مەن ئول جەمئىدىن ئايرىلىپ يالغۇزۇن،
بۇ خاقانكى ھەق ياشىن ئەتسۇن ئۇزۇن.
جاھان ئىچرە بى مەسەل ئول جان ئىرۇر،
ئاتادىن ئاتاخان بىر خان ئىرۇر.
تابوغىدا كەلدىم قەدىمى قۇلى،
نىچۇككىم گۇل ئولسە بولۇر بۇلبۇلى.
ئەلىب ئولتۇرۇپ ئەندىجان مۇلكىنى،
ئالاي دەپ خىيالى جاھان مۇلكىنى.
بار ئەردى ۋەلى كاشغەر ساردىن،
كىلىب جەمئى بەدخوۋا ھەر ساردىن.
كىچىلەر ئۇغۇرلۇق يوسۇنى بىلە،
يۇرۇپ كەنتلەرگە ئىت ئۇنى بىلە.
مۇسۇلمانلار ئۇستىگە يۇرۇپ تالاپ،
ئىلىپ ئولتۇرۇپ ئىچى تاغ ئارىلاپ.

كىشى كورسە قىچىپ كىتەر ئەردىلەر،
باش ئېلىپ ئاياغىن ئىتە ئەردىلەر.
ئابابەكرى ئەردى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئەردى رۇستەمدىن ئۇنىڭ كەمى.
ئەنىڭ ئىلكىدىكى ئەل ئولۇس تامام،
تاپىپ ئەردى بەندۇ بالادا مۇقام.
ئولۇپ بەندى زىندانىدا ئولگانلىرى،
قازىق بىرلە دەرماندە قالغانلىرى.
تۇتۇپ بەزىلەرنىڭ قولاغىن كىسىپ،
قولاغۇ ئىلىكۇ ئاياغىن كىسىپ.
يەنە بەزىلەرنى تۇتۇپ ئاختىلاپ،
ئەلىپ تۇتۇ تۇرۇپ مال مۇلكىن تالاپ.
مۇسۇلمانلار ئەرمىشتۇك ئەسرۇ خاراپ،
كورۇپ زالىم ئىلكىدە تۇرلۇك ئازاپ.
بولۇپ ئۇشبۇلار بائىس شەھرۇ يار،
بولۇپ ئىتتىپاقۇ سىغارۇ-كىبار.
راۋان بولدى خان كاشغەر مۇلكىگە،
كىم ئول خەبىرى بىخەبەر مۇلكىگە.
خەبەردار ئولۇپ كىلىپ ئول بەدكەر،
چىرىكىن سالىپ قەلئەئى كاشغەر.
يىتىپ خان ئالەم ئېلىپ قەلئەسىن،
تەۋبەتكە قاچىپ ئول سالىپ قەلئەسىن.
سوڭغە تۇشۇپ چىرىك ئاخىر يىتىپ،
باشىنى ئەلىپ كەلدىلەر قول ئېتىپ.
خوتەن كاشغەرچە ئەلىپ خان يۇرۇپ،
ئادالەت بىلە تەخت ئوزرە ئولتۇرۇپ.
ئولۇسى بەر قارار ئولدى دەۋرانىدا،
كىشى قالمىدى بەندۇ زىندانىدا.
كىم ئول خەۋاجۇ مالدار ئولمىغاي،
خەزىنە ئاڭا گەنج ئىلە تولمىغاي.
تابوغىدا مەن ھەم بولۇپ سوبھۇ-شام،
تۇرۇپ قۇللۇغىدا قىلىپ ئىھتىمام.
بولۇپ لۇتپى ئىھسانىدىن سەرپىراز،
بولۇپ ئەردى مەھەۋت يەگىلىغ ئاياز.
سالىپ ئىلتىپاتى كوڭۇلگە ھوزۇر،
تۇشۇپ باشغە ھەرلە ھەز ئاندىن غورۇر.
پەلەك جەۋرۇ-زۇلۇمىن پاراموش ئېتىپ،
نەشاتۇ تەرىپ جامىنى نۇش ئېتىپ.
يۇرۇر ئەردىم ئەسۇدە دىل شادۇ خۇش،
پەلەك جەۋرۇ زۇلۇمىدىن ئازادەۋۇش.

كى ۋاقىئە ئولۇپ ئانداق ئەيىام ئىشى،
كەلىبان بەدەخشان سارىدىن كىشى.
خەبەر بەردى بەسىر قالىپتۇر ئۇلۇس،
بۇزۇغلۇقغە كوڭۇل سالىپتۇر ئۇلۇس.
ئۇل ئەلنى ئىلىكلا ماساخان ئازىپ،
ئەسىر ئۇلغۇسدۇر پەقىرۇ-غەرىپ.
ئۇلۇر ئۇل ۋىلايەتكە ئوزبىك كىلىپ،
مىنى ئەل ئىبەردىلەر ئانداق بىلىپ.
كى خاندىن ئۇل كۈن يوقتۇر ئۇمىدىمىز،
يورۇغلۇق بىرور كوزگە خۇرشىدىمىز.
ئىشتكەچ راۋان بولدى خان ئۇلزامان،
بۇ قۇلغا دېدىكىم راۋان بول راۋان.
كى سەندىن خەبەر تاپسۇن ئەل بۇرناراق،
بارۇر بىزمۇ ئەلگە نىدۇر يىراق.
راۋان بولدۇم ئەمىر ئىلاھى بىلان،
كىرىپ يولغە پەرمان شاھى بىلان.
يىراق كەتتۈك يىگىرمە يىل ئاندىن بىرى،
بولۇپ ئەردىكىم يارى بىر ئۇل سارى.
بۇ يەڭلىغ باھانە نەپىش ئۇفتاد،
قىلىپ بەرگىلى ئوتكەن ئىشلارنى ياد.
گەزارىمنى سالدى پەلەك گەردىشى،
ھەمىشە بۇدۇر ئەلگە ئەنىڭ ئىشى.
كى ھەر رەڭ ئىلە بىر جاپا ئەيلەگەي،
جاپاسى بىلە مۇپتالا ئەيلەگەي،
ئۇشۇل چاغدىكىم جەمئى ئەھباپ ئىلە،
يۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئەردىم ئەسباپ ئىلە.
بارىنى تانىدىم يۈرۈپ ئۇل زامان،
بارىسى كوزۈمگە كورۈندى ئايان.
ئۇشۇل باغۇ سەھرا ۋە مەنزىلكى بار،
تۇرۇپتۇر بىر يىېندا يارى بەرقارار.
ۋەلى ئۇل جامائەتكە باھەم ئىدىم،
ئۇشۇل جاي مەنزىلدە ھەمدەم ئىدىم.

بىرىدىن ئەسىر كورمادىم ئۇل زامان،
قاراڭغۇلۇق ئولدى كوزۈمگە جاھان.
پەرىشان بولۇپ خاتىرىم ئانچە زار،
يىغى يىغلادىم ئانچە ئىمكان بار.
ئۇنۇت بولغان ئوچكەن پىراق ئوتلىرى،
تۇتاشتى ۋۇجۇدۇمغە ئاندىن بارى.
ئەلەم يۇزلەنىپتۇر ماتەم بىلە،
كىچە-كۈندۈز ئوادى ئىشىم ماتەم بىلە.
نەچە كۈنگىچە ئورتەنىپ ئۇشبۇ ھال،
چىكەر ئەردى ئازاردە جانىم مالال.
نە كۈندۈز كوڭلىدىن چىقار ئەردى غەم،
نە كىچە يىتەر ئەردى ئۇيقۇ ھەم.
بۇ يەڭلىغ كويۇپ ئورتەنىپ ھەر كىچە،
پىراق ئوتى بىرلە ياتىپ بىر كىچە.
يۇمۇلماي كوزۈم ئۇيقۇغە ھەر سەھەر،
ياتىپ ئەردىم ئولدەم قاشىمدا مىگەر.
بىراۋ ئۇشبۇ ھالىمدىن ئاگاھ ئىدى،
مېنىڭ بىرلە كىم ئاندا ھەمراھ ئىدى.
ئاڭا ھەم پۈتۈن ئۇيقۇسىزلىق يىتىپ،
ماڭا ئۇيقۇ ئوچقانىنى مەلۇم ئىتىپ.
ياتىپ ئىكەن ئولدەم چۇ بىلدىم ئانى،
دېپ ئەيدىم ئۇيقۇ ئىلتىمىش سىنى.
ماڭا بۇ كىچە ئۇيقۇ كەلگەن ئەمەس،
مىگەر كوزلەرىم قىلدى ئۇيقۇنى بەس.
ئۇلار كىم پەلەك دەۋرىدىن قوزغالىپ،
بارىپ ئەردىلەر مىنى مۇنداق سالىپ.
ئۇلارنىڭ پىراقى بىرلە زارىمەن،
سەھەر ۋاختى بولدىيۇ بىدارىمەن.
غەم پىكىر بىرلە دىل ئاشىپتىمەن،
كوزۈمدىن ئۇچۇپ ئۇيقۇ ئالىپتىمەن.
ۋاپاسىز پەلەك دەردىغە ئىھتەمىد،
قىلىپ بولماس ئەرمىش جاھاندىن ئۇمىد.

## جاھاننامە داستانىنىڭ بايانى

چۇ ئەۋۋەل ئاڭلاپ ئەردىم مېنى پىكرۇ غەم،
پەرىشان قىلىپ ئالتىمىش ئۇيقۇنى ھەم.

دېدى بىر ھىكايەت قىلاي شايىت ئۇل،
بولۇپ بائىس ئۇيقۇ كوزۈڭكوزدا يول.

تاپىپ قىلغايسىز ئىستىراھەت دەمى،
چىقىپ كوڭلۇڭىزدىن غەمى ئالىمى.
تەكەللۇمگە تىلدىن راۋان ئەيلىدى،
راۋان داستاننى بايان ئەيلىدى.
كىم ئۇل زامانلاردا بىر شەھرىيار،
بار ئەرمىش تۇك ئاتى مۇلۇك شەھسۋار.
كىلىپ شەھرى سىمىن ئاڭا پايتەخت،
توكوز تەڭرى بەرگەن ئاڭا تەختۇ بەخت.
ۋىلايەت دىنۇ ئەل ئۇلۇستىن كەمى،
يوق ئەردى جاھاندا نىمىدىن غەمى.
مۇسەخخىر ئىدى يەتتە ئىقلىم ئىلى،
خەزىنىسىدا ۋە يەنە ئەنىڭ ھاسىلى.
جاھان شاھلىرىندا ئۇنىڭ دولىتى،
بولۇپ ئوتكەن ئەمەس ئىدى نوبىتى.
ۋەلى ئىككى يۈزگە يەقىن ياش ئاڭا،
يېتىپ بولمىغان ئىرۇر بىرى باش ئاڭا.
بۇ غەمدىن ئىچى تەبنە قان ئىدى،
ئوغۇلسىزلىق ئوتىدا بەريان ئىدى.
تىلار ئەردى ھەقتىن مەدام ئوغۇل ئىزىز،
قويۇپ باشىنى يەرگە بولۇپ قەترە رىز.
قىلۇر ئەردى ئەيلەپ كېچىلەردە سەير،
تۇل، ئوكسۇككە پىنھان ئىھسانى خەير.
مەزارۇ مازارات تەۋقىغە يۈز،
قويۇپ سۇرتەر ئەردى يۈزىن يەرگە تۈز.
كى بەرگەي خۇدا بىر جىگەربەندە ئاڭا،
كى قالغاي جاھان ئىچرە پەرزەنت ئاڭا.
ئۆزى بارسا ئورنىدا ئۇ ئولتۇرۇپ،
تۇرسا چىراغىدىن بۇ ئەۋۋەل ياندۇرۇپ.
تۇتۇپ مۇلۇك ئەيشۇ سەرۋەر ئەيلىگەي،
ئۇنى كورسە ئۇ ھەيبۇ ھوزۇر ئەيلىگەي.
تەلەپ ئۇستىدە سىدقى چۇن بار ئىدى،
دىلۇ جانى بىرلە تەلەپكار ئىدى.
بولۇپ ئاخىرىلئەمر ھەق لۇتپى يار،
ئاڭا بەردى پەرزەنت پەرۋەردىگار.
ئولۇس مۇستەھىقلىرىنى قىلدى شات،
ھەمۇل دەم قۇل ـ كېنىزەك قىلىپتۇر ئازات.
چۇ ئولدەم ئاتىنى ئاتاپ پادىشاھ،
كى ئاندىن كېيىن قويدى فىروزە شاھ.

**مالىك زادە تۇغۇلۇپ سۇت ـ ئەمىلگەندىن تا بالاغەتكە يەتكەن ھالى، تۇشىدە كورگەن چاھار باغ ۋە قەسىر زەر نىگار ئىچىندىكى مەشۇقىسىنىڭ خىيالى**

سۇت ئەمگەندە سائادەت پايە بولدى،
تىلى چىققاچ ھۇنەر ھەم سايە بولدى.
تاپىپ نەشۋە ناما دولەت ئىچىندە،
يىگانە بولدى ئاز مۇددەت ئىچىندە.
كىچىك ياشىدا قامۇق فەنلارنى بىلدى،
كوپىن ئاز ئەقىل بىرلە نەھم قىلدى.
نە تۇردى بىر نەپەس، نە يۇردى بىر دەم،
تامام ئۇرگەندى بىلدى بارچە ئادەم.
گەھى قۇش قۇشلىماق كى ئوۋلىماقتا،
كىيىك ئاتماق، تۈلكى قوۋلىماقتا.
كېچە بولسا تەنەھھوم بىرلە مەشغۇل،
مەساھىبلار بارى مەئزۇنۇ مەقبۇل.
پەرى ئەۋساپ ساقىلار گۇل ئەندام،
تەبۇقچىلار سۇبۇك روھۇ دىلئارام.
مۇنەڭدەك خۇش كوچۇرۇپ ئومرىنى شات،
چىقىپ كېزەر ئىدى سەرۋەر ئازات .
خۇش ئەردى بىر كېچە ۋاقتى بىغايەت،
ئوتۇپ سوھبەت ۋە ھەر تۇرلۇك ھىكايەت.
كى ئوگەتتىلەر خوتەن رىبالىرىنى.
زامانە رۇمنىڭ رەنالىرىنى،
گەھى چىن خوپلىرىدىن سوزلىدىلەر،
كى ئوزبېكدىن پەرىلەر كوزلىدىلەر.
ئىتىپ ھەر بىرى بىر كەشۇرنى تەھسىن،
قىلا بىلمادىلار بىر يەرنى تەئيىن.
مالىك زادە بولۇپ خۇشۋەقت ھەردەم،
لىبى خەندان مەسەل سەل زۇلفى دەرھەم.

بۇ ھالەتتە خۇرامان بولدى ساقى،
مالىك زادىغە يەتتى دەۋر ئاياغى.
ئاياق ئىلىپ ئىچەر ئىچمەس دە ئۇل شاھ،
كى ئۇيقىغە ئىبەردى ئۆزىنى ناگاھ.
ئاجايىپ باغۇ-بوستانلارنى كوردى،
غارايىپ قەسرۇ ئايۋانلارنى كوردى.
كى ئۇل قەسر ئىچرە كوپ ئەرمىش پەرىلەر،
كى ئەيىپ نەقسلەردىن دۇر بەرىلەر.
خۇسۇسەن ئولتۇرۇپتۇر بىر پەرىزات،
يۈزى ئاي، كوزى چولپان، قەددى شەمشات.
مالىك زادىنى قولدىن قولغا ئالدى،
پەرىلەر ئۆز شەھەر ئالدىغە سالدى.
كى تەكلىپ ئەتتى تەخت ئۆز رەشاھنى،
ئىرىتتى جەبھەسىدىن گەرد راھنى.
كى گەردەشكە كەلتۇردىلەر پىيالە،
قىلىپ نەي بىرلە چاڭ، تەنبۇرە نالە.
پەرى شاھى ئۇشۇلدەم تۇقتى بىرجام،
مالىك زادە ئەلىبان قىلدى ئاشام.
چۇ ئۇل مەيدىن بولۇپ ئان يىتىپ بىخۇت،
يىقىلدى يەرگە بولدى بودى نابۇت.
بىناگاھ ئۇيقىدىن بىدارە بولدى،
بۇرۇن كورگەنلىرىگە زارە بولدى.

## فىروزە شاھ ئۇيقىدىن بىدارە بولۇپ، تۇشىدە كورگەنلىرىنى ياد ئەيلەپ غەمكىن بولغانى

چۇ بىدار ئۇلۇپ ئۇيقىدىن ئولزامان،
تاپالماي ئۇل خوپلاردىن نىشان.
دىدى نە تۇش ئەردى، نە ئەھۋال ئىدى،
نە كوردۇم ئىشتتىمۇ، نە ھال ئىدى.
بۇ بىھىكمەت ئەرمەس مۇنى نىھان،
تۇتاي تا زامانكى بولغاي ئايان.
كورەي بارى تابۇنى تەئبىر ئىتەر،
ماڭا بۇ پەرى ۋەسلى قايدىن يىتەر.
نە مەنزىلدە ۋە قايدا ئۇچرار ماڭا،
سەبەب نە بولۇبان يىتەرمەن ئاڭا.
دىدىيۇ تەۋەككۇلغە بەردى كوڭۇل،
ۋەلى كوڭلىدىن چىقماس ئەردى بۇ گۇل.
خەبەردار ئەرمەس ئەردى ئاندىن كىشى،
ۋەلى بار ئەردى ياشۇرۇن نالىشى.
نە مۇندىن سەلىمۇ فىروزەراي،
خەبەردار ۋاقىپ ئىدى جۇز خۇداي.
ئۇلارغە چۇ بۇ زاھىر ئەتكەن ئەرمەس،
نە بىلىسون كىشىكىم ئىشىتكەن ئەرمەس.

## سەلىم فىروزە شاھىنىڭ خاراپ بولغانىنى ئاڭلاپ فىروزەرايدىن سورغانى

ئايان ئولىمدى مەخسۇدى ھىچ،
نەچەكىم نىھان ساقلادى قالدى كىچ.
بۇ گىبز ھالى كۇندىن كۇن، ئولدى خاراپ،
تۇشە باشلىدى جانىغە ئىزتىراپ.
بۇرۇنقىدەك ئەل بىرلە ئۇيناپ كۇلۇپ،
مەئاش ئەتمەس بولدى غەمكىن بولۇپ.
سەلىم ئوغلىدىن سوردى بىر كۇن نەھان،
كى ئى غۇنچە، ئى گۇلى باغۇ جان.
نە ھالەت تۇرۇر شاھ فىروزەم،
كىم ئەۋۋەلغىدەك لۇتپى ئەيلە كوزەم.
كورۇنمەي كورۇنىدۇ ئاشۇفتەراق،
كى تۇتقاي ئۆزىنىڭ پاناھىدا ھەق.
نە بار ئەل بىلە بۇرناغى ئىلىپتى،
نە ئەيشۇ تەنەئىئوم بىلە رىغبىتى.
نە خەندانۇ خۇشۋاقىت خۇشھال ئىرۇر،
نە ئەۋۋەلقىدەك چىھرىسى ئال ئىرۇر.

غەمى بارمۇدۇر، غەم ندىندۇر، نە يوق،
نە كوڭلى تىلەر سوزنى ۋە كورمەكنى نە يوق.
ئەنىڭ دولىتىدە بارى مەندە بار،
نىكەم كوڭلى ئىستەر تاپار سەدھازار.
ئاڭا دىدى ئى مىھرىۋان كارىۋان،
بۇ كىم پەم ئىتىپسىز ئايانىدۇر ئايان.
بۇ غەم بىرلە مەن ھەم گىرىپتارىدەن،
بىلالمايىن مەن ھەم ئەپكارەمەن.
غەمى باردۇر ئەلۋەتتە خۇد يوق ئەمەس،
ۋەلى ھەر نەچچە كىم سورامەن دىمەس.

## سەلىم فىروزە شاھ ھالىنى ئاڭلاپ فىروزەراينى تەدبىر ئۈگىتىپ ئىبەرگىنى

دىدى ئى جىگەر بەندى فىروزە بەس،
قىلىپ تۇرۇر ئەلۋەتتە ئول بىر ھەۋەس.
سوراپ بىلگىل ئەلۋەتتە ھالى نىدۇر،
غەمۇ پىكرۇ روي خىيالى نىدۇر؟
بۇلاردىن چۇ ئەمەستۇر باشقە ھال،
غەمۇ پىكىر يادەر ۋە ئىرۇر با خىيال.
غەمۇ پىكرو ئولۇپ ھىچنىمە كەم ئەمەس،
ئەگەر ۋىردى باردۇر نە ئۇچۇن دىمەس.
خىيالى قىلىپ تۇرۇر ئەلۋەتتە ئول،
كىشىگە دىيەلمەيدۇر ۋە رەباتنى ئول.
سەن ئەۋۋەل ئەنىڭ بىرلە خىلۋەت قىلىپ،
بۇرۇن ھەر تەرەپتىن ھىكايەت قىلىپ.
گەھى مىسىرۇ شامۇ ئىراقۇ ھەرى،
خىتايۇ خوتەن خوبلىرىدىن بەرى.
گەھى چۇر گاھى پەرى سارىدىن،
جاھان شوخ رەنالىرى سارىدىن.
بىرار - بىرار ئەيلەپ ھىكايەت نەزەر،
قىلىپ كورگىم ئەيلەر نە يەردە ئەسەر.
ئوشۇل يەرگە يەتكەندە بىئىختىيار،
سىراپ قىلىپ دەر ساڭا ھەر نە بار.
دىدىيۇ ئىبەردى بۇ تەدبىر ئىلە،
غەمىن ئاڭلىغاي تا بۇ تەزۋىر ئىلە.

## فىروزە خىلۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ غەمىنى ئەيتقانى

چۇ فىروزەراي ئول سۇپەت راي ئىلە،
قوپۇپ بار سادەردۇ غەمى نە بىلە.
بۇ يەتكەندە فىروز شاھ ھەزىن،
قىلىپ خىلۋەت ئۇلتۇرغان ئىكەن غەمكىن.
ئۇز - ئوزى بىلە ئەيتىشىپ قىسەسىن،
ئىچىندە نىھان ساقلىغان غۇسسەسىن.
كى نەچە بۇ غەمنى ئىچىدە تۇتاي،
نەچە پىكر ئەندۇھ بىلە قان يۇتاي.
ئىچىم تولدى، تاشتى بۇ غەم بىلە،
دىمەي مۇنى بىر يار ھەمدەم بىلە.
يىتىشتى بۇ ھالەتتە ئەپرۇزەراي،
دىدى ئۇلتۇراي مەھرەمۇ دىلكۇشاي.

## فىروزە راي فىروزە شاھقە سىرىڭنى ماڭا ئەيتماسەن دەپ گىلە قىلغانى

چۇ ئۇلتۇرۇپ فىروزە شاھ قاشىدا،
غەمۇ غۇسسەدىن كوردى كوز ياشىدا.
دىدى ئى شاھىنشاھ رويى زىمىن،
ناغۇ بۇ سۇپەت ئۇلتۇرۇپسەن غەمىن.
نە كەمدۇر، نە يوقتۇر نەدۇر ئارزۇ،
نە ئۇچۇندۇر دەر تىرەلىك غەم زاغۇ.
نىچوك ئەيشى ئىتەي دىسەڭ ئەسباپىجەم،
نە كەم خاتىرەڭ ئىستەر ئەھباپ جەم.
بارى سەرۋ قامەت بىك ئوغلانلىرى،
گۇل سۇرۇخ يۇزلۇك يىگىتلار بارى.

تۇرۇر جان بىلە خىزمىتىڭ تىلەپ،
قىلۇر خىزمىتىڭ دولىتىڭنى تىلەپ.
ۋەگەر بولسا مەھبۇپ زىبا ھەۋەس،
پەرى چىھرىلىك شوخ رەنا ھەۋەس.
شەھ مىسرۇ شامۇ ئىراقۇ ھەرى،
بۇخارا، سەمەرقەنت، ۋە چىندىن بەرى.
دىساڭ قايسى شەنىڭ قىزى ئىستىن،
نە مەنئى دۇر ئى شەھ ئەيتساڭ ئاتىن.
بىلىپ خان بىلەن كۇشىش ئەيلەپ ئانى،
سىنىڭ خىزمىتىڭغە كەلتۇرسەك قانى.
غەمىڭنى كىشى بىلسە بولمايدۇرۇر،
بىلا ئالماي كىشى قىلسە بولمايدۇرۇر.
ئىشىڭ ئەيشۇ-ئىشرەت بىلە قالمادى،
سوزۇڭ ئەل سوھبتى بىلە قالمادى.
ئادۇقۇشقە ئاتلانماغىڭ ھەر تەرەپ،
بولۇپ بارادۇر جەمىيەت بىر تەرەپ.
جامالىڭ گۇلى سارغىيىپ باردۇر،
دىمەيسەنكى بۇ غەم كانى جاردۇر.
ئەگەر ھەر كىشىگە دىمەك مەسلەھەت،
ئەمەس ماڭا دىمەسكە نەدۇر جەھەت؟
كى مەن بار ئىدىم مۇتتەسىل مۇھەررىمىڭ،
بىلە يۇتكەن، توراغان ھەمدىمىڭ.
نە بولدىكى بولدى نىھانە سوزۇڭ،
ئىنايەت بىلە كورمىگەندەك كوزۇڭ.
ئۇمۇدىم ئەمەستى سەندىن پۇتۇر،
كى جانىمغە قىلغانسەن ئاخىر پۇجۇر.

**فىروزراي گىلە قىلغاچ، فىروز شاھ تۇش كورۇپ، ئۇن ئىشتىپ، ئاشىق بولۇپ ئويغانىپ، تۇشىن ياشۇرغانىنىڭ سەببىنى ئەيتقىنى**

چۇ مۇنداق گىلە قىلغاچ ئول نىك خۇۋاھ،
خىجالەت تاپىپ شاھ فىروز شاھ.
دىدى كەلگىل ئى مىھرىبان ھەمدىمىم.
ۋەئى ئالدىڭدا ئەمدى نىھانە غەمىم.
بۇ يەڭلىغكى ئاشفتە ۋە خەستەمەن،
كورۇنمەس بەلايىغە دىل بەستەمەن.
نەچە كۇن نەھان ساقلادىم ئىچىمدە غەم،
ھەزىن جانىمە ئاشتى ئانچە ئەلەم.
سەنىڭ كىم ماڭا مۇھەررەم راز ئىدىڭ،
نە يەڭلىغ ئىشىم بولسە دەمساز ئىدىڭ.
ئارامىزدا يوق ئەردى ئىش ياشۇرۇن،
نە ئىش بولسە بىر بىرىمىزدىن بۇرۇن
دىشۇر ئىدۇق ياخشىيۇ كەرىمان،
ئارامىزدا سوز قالماس ئەردى نەھان.
بۇ سىرىمنى سەندىن نەھان ئەتمىكىم،
سىنى مۇنداق ئازاردا جان ئەتمىكىم.
ئەنىڭ ئۇچۇن ئەردىكىم دەرلەر كىشى،
كورۇپ ۋاقىئە زاھىر ئەتكەچ ئىشى.
تاپىپ روناق ئول ئىش ئاچىلماس ئىمىش،
تەلەپكار ئەل ئول ئىشنى قىلماس ئىمىش.
ئەچىلماق ئوتۇپ ئوتتى جانغە ئەلەم،
ۋۇجۇدۇمنى باشتىن ئاياغ تۇتتى غەم.
ئەزەلدىن ئەتىڭدۇر چۇ فىروزراي،
كورەيكىم ماڭا كورستەرسەن نە راي.
دىدى ئىيتتى بارى ھالىنى،
بارى كورگەن، ئىشتكەن ئەھۋالىنى.
ۋەلى ئول پەرىزات دىلدارىنى،
كورەلمەيىن چەككەن ئازارىنى.
دەپ ئەيتىپ تۇگەتمەيىن ئارمانىنى،
سالور ئەردى ئوتقە ھەزىن جانىنى.

**فىروزراي فىروزە شاھنىڭ تۇش كورۇپ، ئاشىق بولغانىنى بىلىپ نەسىھەت قىلغانى**

چۇ فىروز بىلدىكى فىروز شاھ
كورۇپ ۋاقىئە بولمىش ئەندۇھە خوۋاھ.
ئەيتتىكىم ئى شەھرىيار جاھان،
يامان كوزدىن ئولسۇن جامالىڭ نەھان.

بۇ يەڭلىغكى ۋاقىئە بولۇپتۇر ساڭا،
نەسىبە يۇزى ئۇرۇلۇپتۇ ساڭا.
جامالىنى كورسەتسە ئەردى ھەبىب،
يەقىندا كورەر ئەردىڭ ئۇشبۇ نەسىب.
بۇ كىم يۇزىنى كورماي ئول يارىنىڭ،
سېنى زار قىلغان دىل ئازارىنىڭ.
ئاچىلمىش كوزۇڭ ئۇيقىدىن ئۇن بىلە،
قالىپسەن بۇ ھالە دىگىر كۇن بىلە.
نە ئىمكان خۇۋا ئەلبەتتە رەھمانەدۇر،
بۇ شاھزادە فىروزنىڭ جانەدۇر.
نەسىب ئولماي ئاخىر نەئىمكان بار،
تىلەگەي كىشى مۇنى تال جانى بار.
ۋەلى ئالەم ئەھلى ئاراسىغە بۇ،
تۇشۇپ قىلماسە ياخشى بولغاي غەلۇ.
كى ئالەمدۇر ۋە بارچەدىن باردۇر،
يامان، ياخشى دىگۇچى بىسياردۇر.
كىشى تۇش كورۇپ تۇشىگە خۇرسەند ئولۇب،
تۇشىندەكى دىلبەرغە دىلبەند ئولۇب.
جاھان لەززەتىن كامىغە تەلخ ئىتىپ،
ئۇزۇب ئەلدىن ئىلپەت ئۇزىدىن كېتىپ.
نە ئىشدۇر بۇ ۋۇجۇدنى سەۋدا دىگەي،
نەچە بولغاي ئولكىم بىلىپ غەم يىگەي.
تەھەممۇل قىلىپ سىرنى نەھان تۇتۇپ،
نەچە بولسا خونابە ئىچىدا يۇتۇب.
بۇرۇنقىدەك ئەل بىرلە ئويناپ كولۇب،
تۇزۇب ئەيشۇ بەزمىنى خەندان بولۇب.
گەھى ئاتلانىب ئوۋغەكى قۇش سالىب،
ئىنايەت بىلە خەلق كوڭلىن ئالىب.
كوڭۇلنى تەنەئئەمغە مەشغۇل ئىتىب،
تەنەئئەم بىلە غەم يولىن بەركىتىب.
كىشىگە بۇ ھالەتنى بىلدۇرمەيىن،
كىشى پەھمىغە پەھىم قىلدۇرمايىن،
تەھەممۇل بىلە ئەيشى سۇرمەك كېرەك،
سالىپ تەڭرىگە ئىشنى كورمەك كېرەك.
كى ھەقتىن نىسىپ ئولغان ئولسا ئول ئاي،
مەھەللىدا كورسەتكۇسدۇر خۇداي.
نە غەمۇ نىچە غەم بىرلە ئوزىن خاراب،
قىلىپ شاھىم ئەتمەك كېرەك ئىزتىراب.

**فىروز شاھ فىروز رايغە: سىرنى كىشىگە ئەيتما، ئاتاڭغە ئەيت، مالىككە ئەرز ئەتسۇن، ئوۋغە ئاتلانىب چىقسەلەر كىيىك ئاتقۇلاب كوڭۇل ئوۋلىساق، دىگانى**

بۇ يەڭلىغ دىگەچ ئاڭا فىروزراي،
ئەيتتى بەس ئى ھەمدەم دىلكۇشاي.
دىدىم بۇ ئىشنى ساڭا سەن بىلۇ بەس،
كىشى سەندىن ئوزگە ئىشتكەن ئەمەس.
تەھەممۇل قىلاي پىششەھۇ سەبرى ئىتەي،
كوڭۇل ئوينى غۇسسەدىن بىر كىتەي.
ۋەلى سەن داغى تۇت مۇنى ياشۇرۇن،
ئاتاڭ سورسا ھەم قىلما زىنھار ئۇن.
مۇنى ئەيت ئاتاڭغەكى شاھزادە دەر،
ئىرۇر شەھەر بىسيار دىلگىر يەر.
شەئىلىندا ئەرز ئەتسە كىم شە ئوزى،
ئەگەر قىلسەلەر مەيل سەھرا يۇزى.
بەغايەت لەتىپۇ خوش ئايەندەدۇر،
كوڭۇلكىم گىرەدۇر كۇشايەندەدۇر.
نەچە ۋاقت سەھرا نەشىن قىلسەلار،
غەززال ئوۋلابان لالەچىنىن قىلسەلار.
ئەگەر بىلسە كىم شاھ بىمەيل ئىرۇر،
قوشۇب ئەلنى بىزگە ئىجازەت بىرۇر.
ياربىب نەچە كۇن يۇرۇب ئوۋ ئوۋلاساق،
كىيىك ئاتقولاشاق، قولان قوۋلاساق.

**فىروزراي سەلىۋ ۋەزىرغە فىروز شاھنىڭ ئوۋ مەسلىھەتى قىلغانىنى ئەيتقانى**

ياربىب چۇن ئاتاسىغە فىروزە راي،
دىدى كوردى شاھزادە بوتۇر راي.
كى سەھرا يۇزىدۇر گۇلۇ لالەزار،
كوڭۇلدىن غەم ئىلتۇرۇر، كوزدىن غۇبار.

چىقىپ شاھۇ شەھزادە ئەل بارى،
تۇتۇپ كوھۇ سەھرا يۈزىن ھەرسارى.
تاماششا ۋە ئەيشۇ سەرۋەر ئەتسلەر،
كوكۇل ئىستىگەندەك ھوزۇر ئەتسلەر،
ئۇلۇسنى گاھى ئوۋغە تارقاتسەلەر،
ھەۋەسلىك يىگىتلەر كىيىك ئاتسەلەر.
نەچە شەھەر ئىچىدە بۇتۇر ئولتۇرۇب،
كوڭۇللەر ئىچىلسۇن ئىلە تەڭ تۇرۇب.
ئەگەر شاھ ئوزى چىقمىسا ئاتلانىپ،
بولۇرمۇ بارىب كەلسەك ئوۋلاب يانىب.

## سەلىم مالىككە فىروز شاھىنىڭ ئوۋ ھەۋەسى قىلغانىن ئەيتقانى، مالىك ئوۋ جارى قىلدۇرغانى

سەلىم جاھان دىدەخوش ئىشتىب،
خىيالىدا ئوۋلارنى تەئيىن ئىتىب.
شە ئەلىندا يازىب چۇ ئەرزۇ ئەيلادى،
ئوزى بارماغىن شاھ فىروز ئەيلادى.
كى نە ئۇچۇن ئوزۇم بارماي ئەنىڭ بىلە،
يۈرمەي جامالىن تەفەررۇج قىلە.
بۇ يەرگە يىتىب ھاسىلىم ئولدۇرۇر،
كورەر كوزۇ جانۇ دىلىم ئولدۇرۇر.
ئەنىڭ بىرلە ئالەمدە خۇرسەندمەن،
ئەنىڭ بىرلە يەر يۈزىدە بەندەمەن.
يوق ئەرسە ماڭا ئانسىزىن نە ھايات،
قالىب ماڭا تەڭ تىرىگلىكتىن ئاد.
ئولۇب ئولمان ئولگەر سالامەت دۇرۇر،
تىرىگلىك ماڭا ئانسىز ئاپەت دۇرۇر.
يىغلىسۇن ئولۇغۇ كىچىك خاسۇ ئام،
يىبەرگىل تەۋاچىلار ئىلگە تامام.
سەلىم جاھان دىدە ئولدەم چىقىب،
مالىك ئالدىن شادۇ خۇررام چىقىب.
تەۋاچىلار ئەتتى راۋان ھەر سارى،
كىم ئۇچ ئايلىق ئەيلاب ياراغ ئەل بارى.
يىغلىسۇنكى شەھزادە فىروز شاھ،
چىقار ئوۋغە ھەم شاھى ئالەم پاناھ.

## مالىك ۋە فىروز شاھىنىڭ ئوۋغە ئاتلانغانى، مالىكنىڭ فىروز شاھىنىڭ چابۇكلىقىغە قوۋانغانى

تەۋاچى يۈرۈپ ئەلگە چۇن جار ئىتىب،
بارى ئەلگە جارى تەۋاچى يىتىب.
يىغلىب ئولۇس ئاتلانىب چىقتى شاھ،
جاھانىنىڭ يۈزىنى تۇتتى خىلۋە سىپاھ.
كى چۇن بولدى بىر دەفئە شەھزادە بىرلە سۇۋار،
ئەجىب زۇلفۇ سۇنبۇل يىگىتلەر ھازار.
چىقىپ ئەردىلەر ساچراتىب ئىلگارى،
بارى بىر قۇراملىق بىك ئوغلانلىرى.
خىجالەت تىپىپ سەبزۇ لالەزار،
ئاياق ئاستىدا قالدىلار خاكسار.
بارىغە نەزەر ئەيلىسە شەھرىيار،
بارىدىن ئىرۇر ئوغلى چابوكسۇۋار.
نىچۇككىم ئىرۇر ھوسنىدە پاكراق،
ئىرۇر پاكدىن جۇستۇ چالاكراق.
قوۋانىب جىگەر بەندىغە ئولزامان،
قىلىپ شۇكرى پەرۋەردىگار جاھان.
دىدى باراتىنىڭ ئاڭلا ئاد ئاۋلالى،
كوڭۇللەر مىرادچە قۇش قوۋلالى.
كىيىك ئاتقۇلاب بولسا فىروز شاد،
شكەستە كوڭۇللەرگە ئولدۇر مىراد.

## مالىك ئاۋنى ئىھتىمام قىلىپ ئارادىن كىيىك ئوتكازمىسۇنلار دەپ تۇتقە قىلغانى

تاپىپۇ ئولۇس كەلدى چۇن جەمى ئولۇب،
چىرىك قالدى سەھرا يۇزىگە تولۇب.
يورۇتتۇردى بۇڭا قالىكىم ھەر كىشى،
دىسا كىم تاپار روناق ئارتىپ ئىشى.
تۇزۇك چىركالاب چىركىدىن قالماسۇن،
قىلىپ جەھەد ئارانى ئاچۇق قويماسۇن.

ئاراسىدىن ئوتكەزسە ھەر كىم كىيىك،
مۇنى جەزىم بىلسۇنكى قالماس تىرىك.
نەچە تەربىيەت قىلغانچە بولسە ئول
بىرىپ شەھەر ئولۇس ئەھلىگە نىمە بولسە ئول.
كىيىك ياندا پارە قىلغۇم دۇرۇر،
ھەمۇل لەھەز ئەۋۋارە قىلغۇم دۇرۇر.

## فىروز شاھىنىڭ ئالدىدىن كىيىك ئوتكانى، ئەنىڭ قوۋلاب بىرىب تۇش كورگان چاھار باغنى تاپغانى، پەرىزادلار ئەنى كوشككە ئەلىب پەرىزاد رەئنا قاشغە كەلتۇرگانى

چۇ مۇنداق قىلىب ھوكۇم ئىتىب ئىتپاق،
يىباردى ئوتۇ ھەر سارى بەش قوناق.
ئارا ئۇزمەيىن ئەل يۇرۇب سەربسەر،
نە دەشتۇ، نە سەھرا، نە كوھۇ كەمەر.
يىغىپ ھەر ساريدىن سۇرۇپ كەلدىلەر،
جاھانىنىڭ قىزىغىن تۇرۇپ كەلدىلەر.
نىكىم بۇ باياۋاندا جاندار ئىدى،
چىقا ئالماي ئورتىدا زار ئىدى.
يىغىلىب تىمەنۇ مىڭ كىيىك ھەر تەرەب،
تۇزۇپ تۇرۇپ ئەردى نەچە يەر دەسسەپ.
كى ناگا ئولاردىن بىرى ئايرىلىب،
ئوتەر سويىن ئەيلەب ئورۇنۇپ كىلىب.
ئوتەلمەي ئەل سىپاھ ئالدىن،
كىلىپ ئوتتى فىروز شاھ ئالدىن.
بۇ ۋاقىئەنى چۇن كوردى فىروز شاھ،
كىيىك ئالدىن ئوتتى تۇتتى راھ.
سوڭىغە تۇشۇب ئاخىر يەقىن،
يىتىپ كورسە بىر جانۋار نازىنىن.
كى ھەر لەھەز بىر رەڭ زىبا بىلە،
كوزىگە كورۇنۇپ قاچار تاب ئىلە.
باقار ئورۇلۇپ ھەر زامان شاھغە،
كوزى تەلمۇرۇب شاھ دىلخۇاھغە.

ئەلىب ئەردى ئاتماق ئوچۇن ياغە ئوق،
دىدىكىم نە يەئنى بۇ رەئناغە ئوق.
ئاتىب ئەيلەگەيمەن مۇنى خەستە ھال،
كى ئالەمدە بولماس مۇنىڭدەك غەززال.
قىلىب ھەلقە بوينىغە زەررىن كەمەند،
سالاي تا تۇتۇلغاي ماڭا بىگزەند.
دىدىيۇ كەمەندىگە ئوردى ئىلىك،
كەمەند ئولغۇچ ھەلقە سۇردى كىيىك.
ئەردى تووۋاغ شاھنىڭ رەختىسىدىن،
كورۇپ قالدى شىبەھتەك ئونىڭ نەقشىدىن.
بوكىز تۇندى بولدىكى تا يەتمەيىن،
يىتىپ بوينەنى ھەلقە بەند ئەتمەيىن.
نە ئىمكانكى مۇندىن سالىب يانغايمەن،
مگەر تۇتسام ئانى ئىلىب يانغايمەن.
ئاتىن قامچىلاپ قاۋدى قاۋغانىچە،
كىيىك ھەم قاچىب باردى بارغانىچە.
نەچە كىم سۇرۇب ئىتى ئىلدامىلادى،
كىيىك داغى ئانچە يىراق چاملادى.
ئارادا نەچە دەشت سەھرا قالىب،
كىيىك شەنى ئول يەرگە كەلدى ئىلىب.
كى بىر كوھى زەررىن يەكبارەئى،
باشىدىن ئاياق ئىلە ھەمراۋائى.

کی قونماق هەۋەس قىلسە ئاندا مەگەس،
قونۇپ توختىماغلىق مەلۇم ئەمەس.
يەقارى نەزەر قىلسا كوز يەتكۇسىز،
ئۇنىڭ ئۇستيۇ كوكنى پەرق ئەتكۇسىز.
ئوق ئاتسا يىتەر يەرگىچە زىنەپا،
تۇشۇب ئاندا دەرۋازەئى دىلكۇشا.
يىتىب چىققاچ ئول زىنەپادىن كىيىك،
جىلاۋى چەكتى شەهزادە تاشلاب ئىلىك.
كىم ئايا بۇنى جايۇ مەنزىلى دۇرۇر،
مىگەر مۇددىئا مۇندا هاسىل دۇرۇر.
دەب ئاتتىن توشۇب زىنەپاغا قەدەم —
قويۇپ ئەردىكىم يەتتى فىروز هەم.
ئىزىدىن مالىك زادىنىڭ قالمايىن،
يەنە ئوزگە سارى نەزەر سالمايىن،
كورۇب ئانى شەهزادە خۇشهال ئولۇب،
ئالىب كوڭلى قۇۋۋەت خۇش ئەهۋال ئولۇب.
ئاڭا دىدى ئى هەمدەم باۋاپا،
يەنە مۇندا هازىر بولاي مەن ساڭا.
سەن ئۇشۇندا تۇر، مەن چىقىب هالىنى،
تۇشەي كورۇب بىلىب ئەهۋالنى.
قەدەم قويدىيۇ چىقتى دەرۋازىغە،
سائادەت ئىشكى بۇ گۇلۇ تازەغە.
ئاچىب كىرگەچ ئوق سالسە كوز هەرقايان،
مۇئەييەن ئىرۇر بۇ ئوشۇل گۇلىستان.
كى تۇشىدە كورۇب ئۇنى ئىشتىب،
بولۇب ئەردى بىدار ئوزىدىن كىتىب.
قەلىبۇ هەم ياز بۇ هەم تۇش بولۇپ،
مەن ئويغانمايىن يانى ناخۇش بولۇپ.
دىب ئىلگىرى قويغاچ قەدەم ئول راۋاق،
كورۇنۇپ كوزىگە هەم ئايۋانۇ تاق.
پەرىزاتلار جەمى ئولۇب ئالىغە،
راۋاق ئۇستىدىن ئورۇلۇپ ئالىغە.
توشۇب ئىلىك-ئىلىككە ئېلىپ راۋان،
راۋاق ئوزىرە چىقتىلار ئالىب خۇشان.

**فىروز شاه پەرىزاد رەئنانى كورۇپ بىخود بولغاندا، پەرى باشى ئۇستىگە كىلىپ، ئەنىڭ باشىنى قوينىغە ئېلىپ، تەختتە بىلە ئولتۇرۇپ مەجلىس تۇزگانى**

ئالىب ئانداكىم ئول پەرزاد ئېيدى،
كوردىلار ئول سەرۋە ئاۋاد ئېيدى.
چۇ شاهزادە كىردىيۇ قىلدى نەزەر،
راۋاق ئىچرە هەريان پەرىزادلەر.
بارى سەرۋى قامەت، بارى گۇلئۇزار،
بارى زۇلفى مىشكىنلىرى مىشكبار.
ۋەلى يۇقارى باقسە بىر سەرۋەناز،
كىشى ئاڭا يۇز قاتار جان بەرسە ئاز.
قىلىپ جىلۋە تەخت ئۇزرە يۇز ناز ئىلە،
تەكەللۇم قىلىپ نازۇكۇ ئاۋاز ئىلە.
بولار بىرلە ئوي گۇلشەن ئول گۇل بولۇپ،
بولار بارچەسى ئاڭا بۇلبۇل بولۇپ.
ئانىڭ ئالدا جامۇ گۇلگۇن چىكىب،
بارىسى ئۇنىڭ هۇسنىگە كوز تىكىب.
ۋاپاسى ئۇنىڭ بارىنىڭ جاندا،
بارىسى ئۇنىڭ ئەمرۇ پەرمانىدا.
قويۇپ هەر سارى سەندەل زەرنىگار،
تاپىب هەر بىرى ئوز جايىندا قارار.
هەزىن نالە بىرلە خوش ئاۋازلار،
قىلىب نەغمە ئول نالە دىلسازلار.
بارى نىشائى بىرلە سەرەنداز ئىدى،
ئەنىڭ نىشائىسىدىن سەرەفراز ئىدى.
نەزەر قىلغاچ ئول سەرۋە رەئناغە شاه،
هەزىن جانىدىن تارتىبان ئوتلۇق ئاه.
يىقىلدى ئوزىدىن بېرىپ سارغايىب،
قوپۇب ئول پەرى باشى ئۇزرە بارىب.
ئېلىپ باشىنى قوينىغە ئىلكىنى،
سالىب قوينىغە بوينىغە ئىلكىنى.
دەر ئەردى نە بولدىكى بۇ نامىراد،
كورۇب بىزنى قالماي مۇڭا ئېقىل ياد.

يىقىلدى ئۆزىدىن بارىب سارغايىب،
بىزنىڭ مۇلكىمىزدە توشۇپتۇر غېرىب.
قىلىب مېھرىۋانلىق گۇلابۇ ئەتىر —
سېپىب يۈزىگە، كوكسىگە دىلپەزىر.
كوز ئاچسا ئۆزىگە كېلىپ شەھرىيار،
ئالىب قوينىغە باشىن ئول گۇلئۇزار.
قىلۇر مېھرىۋانلىقنى غەمخۇۋاردەك،
نەچە يىل بىلە بولغان ئۆز ياردەك.
بۇ ھالەتنى كورگەچ قىلىب چەھرە زەرد،
يەنە باردى ئۆزدىن چىكىب ئاھ سەد.
كى بۇنە سائادەت دۇرۇر تۇش ماڭا،
بۇ ئويغاغلىق ئەركەنمۇ يا تۇش ماڭا.
نەچە مۇنداقكى ئۆزدىن بار بىكىي كىلىب،
ئاڭا گۇلدەك ئول نازىنىن ئاچىلىب.

تۇتۇب ئالكىدىن ئول بۇ ئاخىر قوپۇب،
تەۋازۇئ يۈزىدىن ئاياغىن ئوپۇب.
ئىككۇلەن بولۇب تەخت ئۆزرە ھەم نەشىن،
بارى شوخلار ھەر تەرەب نازىنىن.
پەرىزاد ئىتىب ھوكۇم بىر گۇلئۇزار،
قوپۇب تۇتتى جام مەيىئى خۇشگىۋار.
پەرىزاد ئېلىب تۇتتى شاھزادىغە،
ئەلىب جان بىرە يازدى ئول بادىغە.
چۇ بىر نەچە پەيدەر-پەي ئۇلغاچ ئاياغ،
چىقىب بادە باشىغە قىزىتتى دىماغ.
تىلەر بولدى ھەرلە ھەز كىم شەھرىيار،
پەرىزادنى ئەيلىگەي دەر كانار.
ۋەلى ناز ئىتەر ئەردى ئول سەرۋە ناز،
پەرى قىزلىرىدىن قىلىب ئىھتىراز.

## پەرىزاد فىروز شاھغە ئەسلى ۋە نەسەبىنى، بۇ مەنزىلدە بولغانى جەھەتىنى ۋە شەرتلىرىنى ئەيتقانى

چۇ كوردىكى شاھزادىغە ھىچ تاب،
توشۇب كۇلسە تا باشلىدى ئىزتىراب.
دىدى ئاڭلىغىن مۇنى ئى شەھرىيار،
بۇ گۇلچېھرىلەر كىم ھوزۇرۇمدا بار.
پەرى قىزلىرىدۇر بارى مۇنداغى،
ھەمىشە بۇ يەڭلىغ پاراغەت داغى.
ئاتامدۇر پەرى خىلىنىڭ سەرۋەرى
ھاۋا خۇۋاھىدۇرلار ئاتامنىڭ بارى.
ئىرۇر شەھرى زەررىن ئاڭا پايتەخت،
ئۇزىنىڭ مۇبارەك ئاتى تاجۇ بەخت.
ئانامنىڭ ئاتى ماھروي زەررىپ،
يوق ئانداق جاھان ئىچرە زات شىرىپ،
ئاتالار مىنى ناز بۇ سەرۋە ناز.
سۇرارلار شەلار ئالىمدا روي نىياز.
ئاتام ھەلمى بىرلە بۇ مەنزىل بولۇپ،
مېنىڭ خاتىرەم مۇندا مايىل بولۇپ.
بۇ گۇلشەننى دەرلەر ئارامى گۇلشەنى،
چىكىپتۇر مۇنۇنىڭ خۇشھاۋاسى مىنى.

توشۇبمەن ئاتادىن ئانادىن يىراق،
ئۇلار بىرلە مۇنداق قىلىب ئىتتىپاق.
كى ھەر شاھۇ شاھزادە خۇش سىۋەر،
ۋىسالىمدىن ئولماق تىلار با دەۋەر.
بۇ مەنزىلگە كىم مۇددىئاكى كەلتۇرۇر.
بار ئۇچ شەرتىم ئەۋۋەل بىجا كەلتۇرۇر.
مەن ئەنىڭ مەنۇ تاجۇ تەختىم ئەنىڭ،
نىكەم ھاسىلۇ بەختۇ رەختىم ئەنىڭ.
پەرىدىن نەچە شاھۇ شاھزادىلار،
يۈزى گۇل، قەددى سەرۋە ئازادىلار.
ۋىسالىم ھاۋاسىدا ئۇرتەندىلەر،
بۇ ئۇچ شەرتنى ئۇتمەيىن ياندىلار.
ۋەلېكىن سەن ئادەم شاھ ئوغلىسەن،
ئىرۇر ئادەم ئوغلىدا بىسيار پەن.
دىسەڭ شەرتلەرنى بىجا كەلتۇرەي،
سېنى ھەم قىلاي ئىمتىھان كورەي.
دىدى: ھەرنە شەرتىڭ بار ئى نازە بوي،
دىگىل ھەق سائادەت سارى بەرسە روي.

بىجا كەلتۈرۈپ بولغان كامران،
ۋىسالىڭ گۈلۈستانىدا شادمان.
دىدى شەرت بۇدۇركى ئۈچ قەترە مەن
ئۇيۇقلار مەن ئولتۇرۇب ئۈچ قەترە سەن —
ئاتىمنى تۇتۇپ قاتىغ ئۇن قىلمايىن،
بويۇمغە ئىلكىڭ يەقىن كەلمەيىن،
مېنى بىر لەتاپەت بىلە ئويغاتىپ،
مۇشان ئەيلىسەڭ شۇەئى كورسەتىپ.
ھەر ئۈچ شەرتىكىم بار بۇ ھالەت دۇرۇر،
نەمەنىئدۇر ئەمدى كى پۇرسەت دۇرۇر.

## پەرىزادنىڭ شەرت ئۇيقۇسىغە بارغانى، فىروز شاھنىڭ ئىلھام ئىلاھى بىلەن تەختتىن ھەسبۇ ھال سورغانى

چۇ ئولدەم كۇنى ئاخشام بولۇپ ئەردى جەمە،
ئىجازەت ئېلىب باردىلەر كەلدى شەمە.
پەرىزات ئۇيقىغە سالدى ئۇزىن،
مەلىك زادە ئولتۇروب كورۇپ يۇزىن.
تەپەككۇر بىلە كىم نە ئىش كورستاي،
نە يەن بىرلە بۇ شوخنى ئويغىتاي.
ئىنايەت قىلىب خالىق زۇل جەلال،
خىيالغە يەتكۇردى مۇنداق خىيال.
كى بۇ تەخت زىباكى بۇ ناز بوي،
ياتىپتۇر ئەنىڭ بىرلە قىل گۇفتىگوي.
خىيالغە، كەلگىنى خىيالى ياقىپ،
دۇرست ئولتۇردى تەخت سارى باقىب.
ئەيتتىكىم ئى تەخت پىرۇز بەخت،
ئىنايەت قىلىپ ھەق سېنى قىلدى تەخت.
پەرىزاد ناز ئويقىسىغە باقىپ - باقىپ،
ئولتۇرۇپمەن توشۇب ئەش غەرىپ.
دىل ئويقۇدا تۇن بىغايەت ئۇزۇن،
سەن ئەمدى ئۇنى غەمىن يالغۇزۇن.
جاھاندىن تىلار ئەيلادىڭ سەرگۇزەشت،
يېرىڭ بورنا باغ ئەردى يا كېھى دەشت؟
نە ھالۇ نە تەقەررىپ ئىلە بۇ سۇپات،
تۇشۇب مۇندا بولدى ساڭا تەختۇ ئات؟

## تەخت ھال تىلى بىلە فىروز شاھنە سەرگوزەشت ھالىن ھىكايەت قىلىپ، فىروز شاھدىن كەلگەنىن سۇئال قىلغانى

بېرىپ قۇدرەت ئولدەم ئاڭا زۇلجەلال،
دىدى ھال تىلى بىلە ئەرزۇ ھال.
كى ياخشى سۇئال ئەيتىڭ ئى شەھرىيار،
دىن ئەرزۇ ھالىمنى بول ھۇشيار.
مېنىڭ ھەم ئىچىمدە پاراۋان ئەلەم،
پەلەك جەۋرىدىن ئەردى نىتەي بۇ دەم.
مەن ئەۋۋەل ئىدىم مىسر سەھراسىدا،
بىرەر ئىلدىزىم نىل دەرياسىدا.
تۇتۇپ ھەر يانىم بىر ياغاچ سەبزە دەشت،
بارى ئىشرەت ئەھلىگە ئول جاي كەشت.
توپەمدە توشۇب يانە پۇر چەشمە سار،
تۇتۇپ ھەريانىمنى گۇلۇ لالىزار.
يىگىتلەر كېلىپ ئاندا جەۋلان قىلىپ،
باھار ئەۋۋلى كۇي غەلتان قىلىپ.
گاھى ئولتۇرۇپ بادە نوشان ئولۇب،
بولۇپ مەست سايىمدا غەلتان ئولۇب.
بارۇر ئەردىلەر ئەيشۇ ئىشرەت قىلىپ،
دەمى خوش كورۇپ خوش پاراغەت قىلىپ.
كامالىمغە يەتكەندە ھەرسارى ئۇتۇپ،
يۇز كىشىگە تىگەر ئەردى سايەم توكۇب.
ھەر ئۇتكەن مۇئەززەم جاھان شاھلىرى،
كىلىب نەچە قانالا بەھەم شوكرى،

توپەمدە توشۇب ئىستىراھەت قىلىب،
ھاۋا ئىسسىغىدا پاراغەت قىلىپ.
گەھى بەشۇ ئالتە يەتتى قونۇب،
تۇرۇب ئۇخچۇپ ئاسۇد كەتتى قونۇب.
نەچە مۇددەتۇ پۇرسەتۇ ئاي، يىل،
ئۇتۇپ ئاقىبەت دەھرى پەيما كىسىل.
قەرىلىغىنىڭ ئەسىنى يەتكۇرۇب،
كىلۇر بولدى شاخىمنىڭ ئۇچى قۇرۇب.
نەچە مۇددەت بىرىب ئاندا شەھرى شور
قەرىلىق تامامى ۋۇجۇدۇمغە زور.
قىلىب ئاخىر ئەمرى باشتىن ئاياغ،
قۇرۇدۇم بۇ دەۋر بارچىغە سۇلۇك ئاياغ.
شول چەشمە زارە ئۇشۇل سەبزۇ دەشت،
قۇرۇب بولدى بىرشور زارۇ بىكەشت.
ئۇشۇندا كىشى سەبزە لالەزار،
بار ئەردى دىسە يوق ئىدى ئەھتىبار.
نەچە يىللار ئانداق تىنىم خۇشىك ئولۇب،
گۇلۇ سەبزەدىن بەريانەم خەشىك ئولۇب.
نەھايەتتىن ئارتا تىگىب يەل ياغىن،
ئۇچۇرۇب سۇرۇب ئىلدىزىم تۇپراغىن،
ئاچىلىب قالىب ئىلدىزىم بىبەدار،
ئىلىشىب تورۇب ئىبەردىم ئاخىر گوزار.
ئورۇب يىقىتتى بىر تەندۇ توپان كىلىب،
مىنى سالدى يەر بىرلە يەكسان قىلىب.
تىكىب يەرگە شاخىم بولۇپ كۇل كىرەمەك،
ئاچىلدى تەنىمدىن نەچچە يەردە دەك.
نەچە ۋاقت ياتتىم بولۇپ خاكسار،
باسىب غەم يەلىدىن تەنىمنى غۇبار.
ئۇتەر ئەردى بىر كۇنى قالىن كارىۋان،
بار ئەردى ئاراسىدا بىر كارىۋان.
ياغاچچىلىق ئولغان ئەنىڭ پىشەسى،
ياغاچ بابىدا ئەررۇ تىشەسى.
جاھان ئىچرە بىمىسل مانەند ئىدى،
نىچۇككىم دىسلەر ھۇنەرمەند ئىدى.

نەزەر قىلدىيۇ كوردى خوش مەۋجەدار،
ياغاچ مەن ياتىب نە بولۇپ خاكسار.
تۇرۇب ئۇستۇ قۇمدا قىلىپ ئىھتىمام،
قويۇب بەندە بەندەمگە ئەررە تامام.
قىلىپ خەۋلە ـ خەۋلە بۇرۇن ئول ئەنى،
تىلىب تەختە ـ تەختە سۇك ئول خەۋلەنى.
خەچرۇ توگىلەرگە يۇكلەتتۇرۇب،
تۇشۇردى ئۇيىگە ئىلىپ كەلتۇرۇب.
ياغاچتىن نىكەم قاغۇلۇق ئەردى ئول،
كىشىنى بۇيىردى قىلىپ بەردى ئول.
قالىب ئەردى ئاندىن نەچە تەختە جۇب،
پەلەك گەردىشىدىن بولۇپ غوسسە كىرپ.
كى كەلدى بىراۋ بۇ پەرىزاتتىن،
تىلەي تەخت مىسلى يوق ئۇستاددىن.
ھەمۇن ئەلھەز بونياد تەخت ئەيلادى.
ئارادىن نەچە تەختىنى سايلادى.
نەچە رەندىيۇ، تىشە ئەررە سۇرۇب،
تامام ئىككى كۇندە بەھەم يەتكۇرۇپ.
مۇلازىمغە تاپشۇردىيۇ ئول مىنى،
ئىلىب كەلدىيۇ مۇندا بۇ گۇل مىنى.
نەسىمىن قىلىپتۇر نەچچە يىل دۇرۇر،
ماڭا مۇندا مەقسۇد ھاسىل دۇرۇر.
ئەگەرچە پەلەكتىن جاپا ۋە ستەم،
بىغايەت ھىكايەت كوردۇم ئەندۇھۇ غەم.
نەچەكىم يىدىم نىشە ئۇستاددىن،
چىكىب ئەررەھۇ رەندە پىدادىن.
يۇز ئەنچە نسىپ ئەيلەدى ھەق ھوزۇر،
كى مۇنداق پەرىزات قوينۇمدا دۇر.
يەنە ئەمدى بىلمەنكى مۇندىن نارى،
نىلەر بولغۇسدۇر پەلەك ئىشلارى.
سەن ئى شاھۇ ئالەم نە ۋاقىئە بولۇپ،
توشۇپسەن بۇ مەنزىلگە تالىئ بولۇب.
كى كەلمەس بۇ يەرگە كىشى بىسەۋەب
نە ئەردى بۇ كەلمەكتە سەئىيۇ تەلەب؟

## فىروز شاھ كەلگەن سەبەبىنى بۇ ھىكايەتكە ئۇلاب، پەرىزادنى بۇ تەقەررىپ بىلە ئۇيغاتقانى

دىدى شەھكىم ئى تەخت ۋەدىرىنە سال،
مۇنى سەن داغى ياخشى قىلدىڭ سۇئال.
بىزنىڭ شەھرىمىزدىن بەھەم تورت يار،
چىقىپتۇرلەر ئەيلەپ سەپەر ئىختىيار.
بىرى كوڭۇلنى ئىلىم ئىلە پەرۋەرىش،
قىلىب بىلمەگەن ئىلىمدىن ئۇزگە ئىش.
قىلىب ھەر نەچە كۇندە خەتمە كالام،
ئەنىڭ بىرلە ئەۋقاتى ئۇتكەن تامام.
يەنە بىرسى زەرگەرى بىنەزىر،
نىچۇك ئىش كىم ئالتۇندا دۇر دىلپەزىر.
ئەنىڭ دەك بىلىپ قىلغان ئەرمەس كىشى،
ئۇلۇسقە پىسەندىدە كەلگەن ئىشى.
بىرسى داغى دەرزىئى تىزكار،
ئاڭا قانچە ئىكەندە ئىختىيار.
نىچۇك كەسسە ئانداق تىكىب كەلتۇرۇپ،
كىشى قىلغۇسىز پەھىم ئانى كورۇپ.
بىرسى ھەم ئۇستاد چۇمچە تەراشى،
ئەنىڭ بىرلە ئۆمرىندا قىلغان مەئاشى.
ياغاچدىن نە تۇرلۇك ئىش ئەھلى جاھان،
بۇ بۇرسە بولۇر ئەردى ئاندىن ئايان.
ۋە لېكىن لەقەپ ئاڭا ئەل ئىچرە پاش،
بولۇپ ئەردى ئۇستاد چۇمچە تەراش.
بارۇر ئەردىلەر بىر كۇنى ئاخشام بولۇپ،
ئىككى تاغ ئاراسىدا كۇن كام بولۇپ.
ھەمە ئەردى ھاۋادا بولۇتتىن ئەسەر،
بېرۇر ئەردى يېلۇ يېغىن دىن خەبەر.
پەناھى تاپىپ قونغالى ئىزتىراپ،
قىلىپ بارسالار بىر رەبات خاراب.
دۇچار ئولدىيۇ قوندى ئاندا ئۇلەر،
قاراڭغۇ تۇن ئەردىيۇ يەرۇ پۇر خەتەر.
دىدىلەركى ئوشبۇ رەبات كۇن،
زورۇر ئولدىيۇ مۇندا بولدۇق پۇتۇن.
تاڭ ئاتقۇنچە بۇ كىچە نوبەت بىلە،
بىراۋ ئولتۇرۇب ئاڭا ئۇيقۇ كىلە.
بېرىمىز قوپۇپ ئولتۇرۇب ئول ھال،
ياتىب يەنە بىرنى نوبەتتە ھەم ئوشبۇ ھال.
بولۇب ئاتتۇرۇپ تاڭنى بىدار ئولۇب،
بۇتۇن ئوزىمىزدىن خەبەردار ئولۇب.
سالامەت قوپۇپ تەبرىسەك ئەرتىلەب،
تاڭ ئاتقۇنچە ھەق دىن ئاسانلىق تىلەب.
چۇ بۇ مەسلىھەت بىرلە چۇمچە تەراش،
تۇرۇپ ئوزگىلەر قويدى ئويقىغە باش.
ئويقۇلاب ئولار بۇ ۋاقت ئولتۇرۇب،
رەبات ئىچرە بىر تەختە چوبى كورۇپ.
ئەلىب ئىلكىگە ئانى ئۇستاد كار،
چاقىب قويدى بىر سۇرەت گۇلئۇزار.
ئەغزۇ كوزۇ، قاش، ئىلىك، ئاياق
بارى بىر بىردىن كىلىب ياخشىراق.
مۇكەمەل قىلىب ئول سەنەم سورەتىن،
بۇتۇردى ئوتكارىب ئوزىنىڭ نوبىتىن.
قويۇب تۇردى ئانى نەمۇدار ئېتىب،
باشىن قويدىيۇ دەرزىنى بىدار ئېتىب.
قوپۇب ئولتۇرۇب ئاچسە دەرزە كوزىن،
سالا بەرمەيىن ئويقۇغە دەب ئوزىن.
تۇرۇر توردە بىر ئادىمى سورەتى،
چوچۇب قوپتى ساجراب كىلىب ھەيبەتى.
كى بۇ كوزلارىمگە كورۇنگەن نەدۇر،
يالىڭاچ قوپۇب توردە تۇرغان نىدۇر.
كىلىب ئېھتىيات ئىلە كورگەچ ئانى،
دىدى ئەرمىش ئۇستادنىڭ قىلغانى.
چىقاردى يۇ ھەم بۇغچەدىن ۋالەئى،
قىلىب چىن بۇتى چاھاردە ساله‌ئى.
تىكىب كوڭلەكۇ ئىچىنى ئولتۇرۇب،
مۇكەممەل سەرۇپا قىلىب كەيدۇرۇب.
قوپۇب ياتتى زەرگەرگە نوبەت قويۇب،
ھەمىنكىم باشىن قويدى قالدى ئويۇب.

قوپۇپ ئۇلتۇرۇب تورگه باقسا بۇ ھەم،
تۇرۇپتۇر مۇكەممەل قوپۇب بىر سەنەم.
تۇتۇپ كوزىن ئەستەغپىرۇللا، دىدى،
يەنە ئاچىپ، كورسە يانىدا ئىدى.
تۇشۇب جانغە ۋەھىم ئۇزىدىن كىتىب،
كىلىب ئاقىبەت كورسە تەھقىق ئىتىب.
قوپۇب ئىككى ئۇستاد ئىشىن كورساتىب،
ئۇيۇقلاب ئىمىشلەر مۇنى ئۇيغاتىب.
بۇ ھەم ئاختۇرۇب ئىلىب ئەسابىنى،
دۇكان قۇرۇب ئالتۇن ئىلىب تاپقانىنى.
ئۇزۇكۇ، سىرغا، بىلەيزۇك قىلىب،
بارىسىنى زىبا ۋە نازۇك قىلىب.
قۇلاغۇ ئىلىك بىلاكىگە سالىب،
سەھەر ۋاختى موللاغە نوبەت قالىب.
ياتىب زەرگەر، ئۇيغاندى موللا سەھەر،
قوپۇب ئۇلتۇرۇب سالسە بۇ ھەم نەزەر.
تۇرۇر توردە بىر دىلبەر نازىنىن،
قىلالمىغاي ئەبلە نەققاشى چىن.
تەفەككۇر قىلىب كورسە ئۇستادلەر،
بارى كورسەتىپتۇرلار ئاندا ھۇنەر:
بولۇپ مۇندىن ئول لەھەز موللا غەمىن،
تاھارەت قىلىب كىلىب ئول پاكىدىن.
ئۇتەب ئىككى رەكەت ناماز ئولزامان،
قىلىب كوزلىرىدىن ياشىنى راۋان،
باشىن يەرگە قويدىكىم "ئى بىرۇ بار،
سىنىڭ ھەزرەتىڭدە ئىرۇر ئاشكار.
كى چۇمچە تاراش ئەتتى تىشى ئىشىن،
ھەمىشە بولۇپ تىشىگە ھەم نەشىن.
ھۇنەر كورساتىب ئابرويلۇق بولۇب،
قوپار ئۇيقىدىن ھالى ئويناب كۇلۇب.
قىلىب دەرزى ھەم ئىگىنى خىزمىتىن،
تىكىب كەيدۇرۇب بۇ سەنەم خىلئىتىن.
قىلىپتۇر ئۇزىنىڭ ئىشىنى ئادا،
ئۇز ئىشىندا قالمايدۇر ئۇزرە ئاگا.
بىلىقىس ئىشىنى قىلىب ئىھتىمام،
ئەنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ سۇبھى شام.
ھۇنەر خۇرج ئىتىب جانىن ئەيلاب پىدا،
ھەم ئالتۇنچى قىلمىش ئىشىنى ئادا.
مەن بىدىل ئۇزگە ھۇنەر بىلمادىم،
جاھان كەسىب كارىنى ھەۋەس قىلمادىم.
ھەۋەس ئەيلادىم ئىلمى قۇرئانىڭگە،
كوڭۇل باغلىدىم ئەمىر پەرمانىڭگە.
بۇ كۇنلۇكتە بارچە ھۇنەر مەند ئولۇب،
ھۇنەر كورساتىب ئاگا خۇرسەنت ئولۇب.
بولارنىڭ ئاراسىندا مەن بىھۇنەر،
بولۇب قالسام ئى داۋايى دادىگەر.
خىجالەت تاپىب بولسام ئىش بىلمىگەن.
نە ئىش قىلغان ئولغايمەنۇ تىلەگەن،
كەلامۇ ئەزىمىڭ ھەققى ھورمىتى،
مۇكەممەل بولۇب بۇ سەنەم سۇرەتى.
مۇئەتتىل سىنىڭ ئەمىر ئىھسانىڭگە،
تورۇپتۇر باقىب لۇتپى پەرمانىڭگە.
كى جانى ئەتا قىلساڭۇ جىلۋە ساز،
بولۇب بۇ سەنەم مەن داغى سەرەفراز.
بولۇپ تاپقاي ئەردىم بەسى ئابروي،
قىلالمىغاي ئەردىلار گۇفتا-گوي...
چۇموللا بۇ يەڭلىغ دىل ئەپكار ئولۇب،
باشىن يەرگە قويدى تەلەپكار ئولۇب.
ئىنايەت قىلىب خالىق دا كەرەم،
رەۋا ئەيلابان ھاجەتىن ئۇشبۇ دەم،
ئەلىب ئەبرۇ بەخشايىشىدىن نەسىم،
تاپىب ئول سەنەمنىڭ دىماغى شەمىم.
كىرىب جان ئۇرۇب ئەتسە بولدى راۋان،
تاڭ ئەتىب چىقىب كۇن يارۇدى جاھان.
بارى قوپتىلار ئويغانىب ئۇيقىدىن،
بولۇب جىلۋە ساز ئول سەنەم ئوتىرىدىن.
تىشى دۇررى، لەبى لەئلۇ سىمىن تەنى،
ساچى سۇنبۇلۇ يۇزى گۇل خەرمىنى.
كوزى نەرگەسۇ قەددى سەرۋە سەھى،
جاھان شوخى رەئنالىرىنىڭ شەھى.
بارى ئول سەنەم ئاشىقى بولدىلەر
بارىسى ئەنىڭ لايىقى بولدىلەر.
بىرى دەر مۇنىڭ سورتىن بۇرنا مەن،
قىلىپمەن، ئىگەر ماڭا بۇ سىم تەن.

بىرى دەركى مەندىن كىيىپتۇ لىباس،
ماڭا تەككەي ئۇل دەپ قىلارمەن قىياس.
بىرى دەركى مەندۇرمەن ئۇل دەر مىھنى،
سىرغا، بىلايزۇك، ئۇزۇك سالغانى.
بىرى ئېيتۇر ئۇل ئالىمى پاك راۋ،
كى تارتىنك بارىڭىز بۇ سوزدىن جىلاۋ.
كى هەق ساقلاب ئۇز ئىلمىنىڭ هورمىتىن
راۋا ئەيلىبان خەستەنىڭ هاجەتىن.
ئاتا ئەيلادى جان بەردى هايات،
كىرەككىم ماڭا ئەيلىسە ئىلتىپات.
ئەجىب هالەت ئىچرە قالىب ئۇل سەنەم،
گىرىفتار ئۇلۇب تارتادۇر بۇ ئەلەم.
كى قايسىغە بولسام رىزا هەق رىزا
بولۇب مەندىن ئۇلغاي هەقىقەت ئادا؟
مەن ئۇشبۇ پەرىزات تەھسىنىنى
ئىشتىب كىلىپ ئەردىم ئەيىنىنى.

كى دانا ۋە ئاقىل پەرىزات ئىرۇر،
بەسى مۇشكۇل ئىشلار مۇڭا ياد ئىرۇر.
سورايكىم قايسىغە تىگەر بۇ سەنەم،
يەنە ئۇزگىلەر چەكماسۇنلار ئەلەم.
بۇ هەم باردى تازا ئويقىسىغە باتىب،
مۇنى كىمسە بولمايدۇرۇر ئويغاتىب.
ئەگەر بارماي ئويقۇغە بىدار ئۇلۇب،
بۇ كىم ئەرز قىلدىم خەبەردار ئۇلۇب.
قوپۇب ئولتورۇپ كوزلەرنى ئەچىب،
شوكىرلەرلە بۇ شەكىردىن ساچىب.
دىماسەكىم ئۇل شوخ كىمگە تىگەر،
هەق مۇلكى كىمگىدۇر ئۇل سىمبەر.
ئۇلارنىڭ ۋابالى قىيامەت كۇنى،
قىيامەتكى باردۇر نەدامەت كۇنى.
بۇرەئنا پەرىزاتنىڭ بوينىغە،
قەددى سەرۋە ئازادنىڭ بوينىغە.

## پەرىزاتنىڭ بى ئىختىيار ئويغانىب بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بەرگانى

بۇ يەڭلىغ دىگەچ شەهرۇ يارۇ جاهان،
چۇ ئۇل شوخ ئەيدى ساهىب ئىمتىهان.
خەبەردار ئەردىيۇ بىدار ئىدى،
ئەنىڭ ئىمتىهانى ئىلە بار ئىدى.
كوزىن ئاچتىيۇ قوپتى بى ئىختىيار،
دىدى ئى شاھىنشاه نۇسرەت شوئار،
نە مەئنىسى جەمئى سوئالىن ماڭا
سالىب يۇكلىگەيسەن ۋابالىن ماڭا.
ئەگەر تىشنى فەرۋەي ئۇچۇن تىشدار،

نىمەرسە تەۋقىئى قىلۇر بىرى بار.
يەنە بىرىكى تىكسە خىلئەت ئانى دىمەك،
ئاڭا خىلئەتنىڭ باهاسى كېرەك.
يەنە بىرىگە هەم بولسا ئۇل ئىزتىراب،
ئاڭا داغى بۇدۇر مۇئەييىن جاۋاب.
ئىرۇر ئۇل پەرى چەهرى موللا هەققى،
كېرەك بولسە موللا بىلە رەۋنەقى.
كى هەق ساقلاب ئۇز ئىلمىنىڭ هورمىتىن،
راۋا قىلغان ئەرمىش ئەنىڭ هاجەتىن.

## فىروز شاه بىر شەرت بىجا كەلگەنىنى پەرىزاتدىن سوراب ئۇل قوبۇل قىلغانى ۋە يەنە ئۇيقۇغە بارغانى

دىدى شەهكىم ئى شوخ روشەن زەمىر،
ئادا بولدى بولغايمۇ شەرتىڭدە بىر.
دىدى ئارى بىرىنى ئادا ئەيلادىڭ.
ئاداسى بىلە هەم بىجا ئەيلادىڭ.

يەنە ئىككىسىنى هەم بۇ يەڭلىغ بىجا،
ئەگەر كەلتۇرەرسەن قىلىبسەن ئادا.
دىدىيۇ يەنە تەكىيىگە قويدى باش،
ئۇزىنى سالىب ئۇيقۇغە ئۇل قۇياش.

## فىروز شاھ سۇراھى سەنگىنىدىن سەرگوزەشت ھال سۇئال قىلغانى

بۇگىن شەھرىيار ئۇلتۇرۇب ھەسبىھال،
سۇراھى سەنگىنىدىن ئەتتى سۇئال.
كىم ئى زەرف ئاب زۇلال ھەبىب،
تەربى ئەھلىغە نىشان سەندىن يىتىب.
نەكىم سەرگۇزەشت ئەيلىگەن ئەردى تەخت،
پەلەك جەۋر ئىلە زۇلمىدىن نەرم-سەخت.
ھىكايەت قىلىب تاپتى جانىم نەراھ،
خۇشان ئەتتى كوڭلۇمنى چەكمەي قەداھ.
نىكەم مۇشكۇلۇم بار ئىدى بولدى ھەل،
سىنىڭ سەرگۇزەشتىڭغە ئەمدى مەھەل.
بولۇپتۇركى سەن ھەم بايان قىلغايەن،
پەلەكتىن نە كوردۇك ئايان قىلغايەن.

## سۇراھى سەرگۇزەشتىن ھىكايەت قىلىب، فىروز شاھنىڭ كەلمەكى جەھەتدىن سورغانى

چۇ شاھزادە مۇنداق سۇئال ئەيلادى،
نىچۇك پەرىشۇ ھەسبى ھال ئەيلادى.
سۇراھى ئىچى ھەم تولا قان ئىدى،
پەلەك دەردى بىھەد بايان ئىدى.
دىدى ئى شەھنشاھ ئالەم پاناھ،
نەدىلخوۋاھىڭ ئۇلسە يەتكۇزگەي ئىلاھ.
مەن ئەلبەرز تاغىكىم ئانداق بەلەند،
يەر ئۇزرە يەنە تاغ ئەمەس دىلبەند.
ئەنىڭ ئۇستىدە پارە سەنگى ئىدىم،
نە پارەكى سەنگى نەھەنكى ئىدىم.
مۇئەللەق تۇشۇب تەگرى ئەمرى بىلە،
تۇرۇب ئەردىم ئافاقدىن بەكلە.
ئىتاكى بىلە بىر ئۇلۇق يول تۇشۇب،
قارار ئەتمەس ئەردىلەر ئەل يۇرۇشۇب.
نەچە قاتلە ئىسكەندەر، كەيقۇباد،
سولايمانو جەمشىت دىل قەۋمى ئاد.
مۇئەززەم چىرىك بىرلە ئەيلەب گۇزەر،
تەئەججۇب قىلۇر ئەردىلەر سەربەسەر.
دەر ئەردىلەر ئى قادىر بىروبار،
كى خوش قۇدرەت ئىلە مۇنى بەر قارار.
قىلىبسەن مۇئەللەق تۇرار يەر تاسىب،
كى كىمدۇر مۇنىڭدەك ئاجايىب غەرب.
نەچە يىللار ئانداق تۇرۇب سەرپىراز،
نەزەر قىلماي ئۇتكەن ماڭا ئەردى ئاز.
پەلەك كورسەتەر بولدى چۇن سەرزەنىش
جاھاندىن چۇشەر بولدى باشىمغە ئىش.
توپەمنى قازىب يەل ياغىن بىمەدار،
بولۇبان تۇرۇب ئەردىم ئى شەھرىيار.
كى بىركۇن ھاۋادا بۇلۇت كور كاراشىب،
قىلىب يەلۇ يامغۇر چەقىن چاقناشىب.
قىيامەت تۇندەك قارايىب جاھان،
يوق ئەردى يارۇغلۇق سارىدىن نىشان.
كى يەر تەبرىدىيۇ مەن ئاندىن جۇدا،
بولۇب تەبرەدىم چارە قالماي ماڭا.
يىقىلىم يولدا ئوق پارە-پارە بولۇب،
كىلىب يەرگە تۇشتۇم كۇلۇم سورۇلۇب.
نەچە يىللار ئول يول ئۇزرە پايمال
بولۇب ياتتىم ئول ئەردى دىشۋار ھال.
كى ھىچكىمسە پەرۋايىم ئەتمەس ئىدى،
يوزۇمدىن غۇبارىم ئەرتمەس ئىدى.
كى بىر كۇن قالىن كارىۋان دەر گۇزەر
ئەيدىكىم بىر ئۇستاد ساھىب ھۇنەر.
ئۇلار بىرلە ئول يولدا ھەمرا ئىكەن،
ھونەر مەند ئۇستاد دىلخۇۋاھ ئىكەن.
كىلىب خوجا ئوبۇلخەير ھەككاك ئانى،
جاھان ئىچرە تولغان ئانىڭ شورەتى.
نەزەر قىلدىيۇ كوردى تاشى ياتىب،
مۇئەييىن ئامان توپراق ئىچرە پاتىب.

تۇشۇبان ئەرتىب يۇزۇمدىن غۇبار،
نەزەر قىلسە تاش مەن ئەجەب مەۋجدار.
ئارابى ئىلىپ كەلتۇرۇب شەھەردىن،
سالىبان ئول ئۇستاد رويى زىمىن.
دوكانغە سالدى مىنى كەلتۇرۇب،
ئوتەردە بۇ رەئنا كەلسە شاھ كورۇب.
سۇراھى بۇيرۇدى ئول ئۇستادغە،
جاپا ئىلكىگە قويدى بىدادغە.
توپەمگە قويۇب ئەررە ھەريان كىسىپ،
متىنلەر ئىتىپ ھەريانىمغە نىسىب.
سەتەمكار ئەلدىن ئىچىم كوۋلانىپ،
تاشىمدىن تەنىم خىراج يەب ئايلانىب.
تامام ئولدۇم مىنى ئەرسە تاپشۇرۇب،
مىنى پىشكەش قىلدى ئول كەلتۇرۇب.
ئەگەرچە پەلەكتىن بۇ يەكۈلىغ جاپا،
كورۇب يەتتى تۇرلۇك باشىمغە بالا.
قىلۇرمەن مۇڭا شۇكرىكىم ئاقىبەت،
مىنى خالىق باكىرەم بۇ سۇپەت.
بۇ رەئنا بىلە ھەمدەم ئەيلاب تۇرۇر،
مۇنىڭ بەزمىدەنى غەم ئەيلاب تۇرۇر.
تۇرۇبمەن ئۇزاتىب بويۇن بىمىلال،
كى مەيل ئەيلىگەي مەندىن ئابزىلال.
ھەمىشە نىشات ئۇزرە سوھبەت تۇتۇب،
پەرىلەر مەيئى لەئلى مەندىن يۇتۇب.
بولۇرلار خوشان نەشائى پەيدا قىلىب،
گۇلسۇرۇختەك يۇزلىرى ئاچىلىب.
بۇلار بىرلە خوش ۋاقىت خۇشھالمەن،
بىغايەت خۇشانۇ خوش ئەھۋالمەن.
مۇنى بىلمان ئەمدىكى ئاخىر نىدۇر،
يەنە ئەمرى پەرمان قادىر نىدۇر.
سەن ئىس شەھ ناغۇ مۇنچە تارتىب مالال،
كوزۇڭدىن ئۇچۇب ئۇيقۇ ئاشفتە ھال.
بولۇب ئولتۇرۇبسەن نىدۇر مۇددىئا،
ئىنايەت قىلىب ئىيت سەن ھەم ماڭا.

## فىروز شاھ كەلگىنىنىڭ سەبەبىنى بۇ ھىكايەتكە ئۇلاب مۇنىڭ بىلە پەرىزاتىنى ئويغاتقانى

دىدى شەھكى بۇدۇر مالالىم مىنىڭ،
ئىرۇر مۇندىن ئاشفتە ھالىم مىنىڭ.
كى سەمىنكى باردۇر مىنىڭ كەشورىم،
ئەنىڭ ئەھلۇ خەيلى مىنىڭ لەشكىرىم.
ئول ئەل ئىچرە بىر زاھىد پاك دىن،
بار ئەردى ئەنىڭ بىر قىزى نازىنىن.
ئەنىڭ ئىشقىدا ئۇچ كىشى بىقارار،
كىزەر ئەردى كويىدا دىلەفكار.
بىرى بىكۇ، بىرى سىپاھى ئىدى،
بىرى سەنگى ئەنداز شاھى ئىدى.
ئولۇس ئىچرە مەشھۇر ئۇلارنىڭ ئىشى،
بولۇب ئەردى دەرماندا زاھىد كىشى.
كى ھەر بىرى زاھىدغە بىر سوز سالىب،
جۇۋابىدا بىچارە ئاجىز قالىب،
ئۇلارغە جاۋاب ئەيتالماس ئىدى،
ئۇلار كويىدىن خالى قالماس ئىدى.
كىچە - كۇندۇز ئول كوي ئوزرە ئايلانىب،
يۇرۇر ئەردىلەر ئىشقىدا ئورتانىب.
دىسە ھەر بىرى بىلە نىسبەتىن،
قەلىبان تىتى كورمەي مىھنەتىن.
يەنە ئىككىسىدىن بولۇب ۋەھىمناك،
ئىدى تۇغماغۇر قىزى بىرلە ھالاك.
كى بىر كۇن چىقىب ئۇيدىن ئول سىمبەر،
تۇرۇب ئەردى ھويلىسىدا بىخەبەر.
بار ئەرمىش توك ئول يەردە بىر ئاق دىۋە،
ھەم ئول قىز جامالىغە مۇشتاق دىۋە.
كىلىب ھەركۇن ئول كوي ئۇزە ئايلانىب،
بارۇر ئەركەن ئول خالى تاپماي يانىب.
ئىلىب كوككە چىقتىيۇ بولدى راۋان،

بولۇبان خەبەردار بىك ئۇل زامان،
سۈكىچە راۋان بولدى كوككە باقىب،
ياغىلماي راۋان بولدى ئەشكى ئاقىب.
باردىب ئاقىبەت تۈشتى بىر تاغ ئارا،
ئۈزىن بىك يەتكۈرسە ئۆلۈم قارا.
ئىرۇر تاغ ئاراسىدا بىر ئار دىۋە،
تۈرۈر ئىزلارى روشەن ئۇل ياردىۋە.
كىرىب كورسە غار ئىچرە جامى نەھەڭ،
دەھىن پۈشى ئۈستىدە بىر تەختە سەڭ.
مۈئەييەن كورۇب يانىب ئاندىن كىلىب،
ئۇل ئىككىنى ئاندىن ئاگاھ قىلىپ،
ئۈچۈيلان بۈلۈب كىلىب ئۇل چاھ ئۈزرە،
تورۇب بىك ئۇلارغە ئەنى كورگۈزە.
سىپاھى دىدىكىم بۇ ئىشتۇر مىنىڭ،
ئەمەسىنۇر بۇ ئىش بەندىدىن ئۈزگىنىڭ.
ماڭا ئۈشبۇ چاھ ئىچرە تۈشمەك كىرەك،
نە بولسە چاھ ئىچرە كورمەك كىرەك.
كەمەند ئالدىبۇ بىلىگە قىلدى بەند،
كەمەر بەند ئىدى چاھقە سالدى كەمەند.
تۈشۈب كورسە چاھ ئىچرە بىر تاش ئىشىك،
ئاچىلدى ئىشىك چۈنكى ئۇردى ئىلىك.
قىلىچىنى يالاڭ ئەيلاب ئۇل مەردكار،
قەدەم قويسە تەخت ئۈزرە ئۇل گۈلئۇزار.
بولۇب لالدەك ئەشكىدىن كوزلارى،
خازان ياپراغىدەك سۇلۇب يۈزلارى.
باقىب ئولتۇرۇب لالۇ ھەيران قاتىب،
قويىرۇب قويىنغە دىۋە باشى پاتىب.
ئۇيۇقلاپتۇرۇر، كوردى تىغى تىز
سالاي دەپ ئەيدى، دىدى قىز: ئەي ئىزىز.
قاتىلماكى ناگاھ تىغىڭ زەرەر،
يەتكۈرمەي بولۇب بۇ يەنە باخەبەر.
قوپۇب قىلماسۇن مۇندا زايا سىنى،
بۇ قالسۇن ئۇيۇقلاب ئەلىب چىق مىنى.
ئالىب تەكيەئەنى باشغە قويۇب،
بۇلار چىقتىبۇ دىۋە قالدى ئۇيۇب.
چىقىب تەبرىدىلار ئاراغە ئالىب،
يولۇب غافىل ئۇل دىۋە ئۇيۇقلاب قالىب.

يۈرۈب يىتىب ئەردىلەر ئەلگە يىقىن،
كى بىدار ئولۇب دىۋە ئۇلاردىن كىيىن.
باشغە تۈتۈن ئورلەب ئاچچىغلانىب،
غەزەب بىرلە جانغە ئوتلار يانىب.
قۈيۇندەك پەلەككە تەنورە ئۇرۇب،
چىقىب بىر زاماندا ئۈزىن يەتكۈرۈب.
بۇلۇتتىن چاقىن چاقناغاندەك تۈشۈب،
دەمىدىن جاھان كويگەلى ياۋۇشۇب.
ئارادىن ئەلىب چىتتى چانگال ئۇرۇب،
باقىب قالدىلار كوزلىرى تەلمۈرۈب.
توكۇب سەنگى زىن كوزىدىن ياشىنى،
فەلاخەن كەپىگە قويۇب تاشىنى.
ئۇلۇق تەگرەنىڭ ئاتىنى ياد ئىتىب،
دۇرۇدى ھەبىبىنى بۇنياد ئىتىب.
ھامانكىم تاش ئىلكىدىن ئەتتى جۇدا،
بۇلار ھالغە رەھم ئەيلاب خۇدا.
ئەنگىدەك بارىب دىۋە بويىنغە تاش،
تىگىب سەكرىبان جىسمىدىن باشقا باش.
تەندىن باشى باشدىن باشقە تەن،
ھاۋادىن كىلۇر ئەردى ئۇل ئەھرىمەن.
ھەم ئاندىن بولۇب باشقە ئۇل سەرۋەناز،
تۈشۈبان. كىلۇر داھىم ئۇل سەنگباز.
ھاۋادا تۈتۈب يەرگە يەتكۈرمەيىن،
سالامەت قالىبتۇر زەرەر كورمەيىن.
بىرى ئەيتۇر ئالەمدىكى ئۇل سىمتەن،
بولۇب ئەردى ئۇل دىۋنىڭ مۈلكى مەن.
ياغىلماي بارىب يەرنى كورۇب كىلىب،
ئالىب باردىم ئىككىگىنى ئاگاھ قىلىب.
ئەگەر باربان كورمەسەم ئەردى مەن،
ئەنىڭكى بولۇب ئەردى ئۇل سىمتەن.
كىرەككىم مىنىڭ ھەمدىمىم بولسە ئۇل،
يۈگۈردۈم ئانىڭ ئۈچۈن ئۇشۇنچە يول.
يەنە بىرى ئەيتۇر يۈگۈردۈك نە سۇد،
بارىب مەنزىلىن ھەمكى كوردۈك نە سۇد؟
مەن ئۇل چاھغە باغلاب بىلىمغە كەمەند،
تۈشۈب چىقتىم ئەنى ئالىب بىر گىزەند.
ئىگەر تۈشماسام ئەردى ئۇل چاھنە مەن،

تۇرۇپ ئەردىڭىز بىلمايىن ھېچ پەن.
مەن ئەتتىم ئانىڭ يولىدا جاننى تۇفەيل
كېرەككىم مېنىڭ سارى ئول قىلسە مەيل.
يەنە بىرى ئول سەنگى زەن دەر جاۋاب،
كى ھەر ئىككىڭىز قىلماڭىز ئىزتىراب،
بىرىڭ باردىيۇ كوردى مەنزىل نەسۇد،
بىرىڭ قىلدى مەقسۇد ھاسىل نەسۇد.
يەنە بارچىنىڭ ئورتاسىدىن ئالىب،
بارىب ئەردى دۇشمەن بارىڭىز قالىب.
پەلەكتىن توشۇردۇم ئۇرۇپ تاش ئىلە
باشىن تەندە قويماي تەنىن باش ئىلە.
ھاۋادىن تۇشۇرماي تېغى يەرگە ھەم،
تۇتۇپمەن سالامەت قالىپتۇر سەنەم.
كېرەككىم مېنىڭ بىرلە دەئۋايى كىشى،
قىلالماسا قالمايىن ھېچ ئىشى.
بۇلارنىڭ ئاراسىدا ئول قىز غېرىب،
تاللاشقە قالىبدۇر ئۇز ئەركى بارىب.
بۇرەئىنادىن ئول مۇپتالا ھالىنى،
سوراي دەپ كىلىپ ئەردىم ئەھۋالىنى.
بۇ ھەم ئۇيقۇغە باردىيۇ مەن بۇ ھال،
باقىب ئولتۇرۇبمەن چېكىب يۇزمالال.
ئىگەرمۇندا بىدار ئولۇب قەسد ئوزىن،
سالىب ئويقۇغە سۇزگان ئولسە كوزىن.
ئاچىب كوزلارىنى قوپۇب ئولتۇرۇب،
تەرەھھۇم ئۇنىڭ ھالىغە كەلتۇرۇب.
دىماساكىم ئول كىم بىلە يار ئولۇب،
سائادەت يۇزى قايسىغە ئويرۇلۇب.
قىيامەتكى روزى نەدامەت ئىرۇر.
ئۇلارنىڭ جوۋابىنى بۇ رەئنا بىرۇر.

**پەرىزادنىڭ بىئىختىيار ئويغانىب جاۋاب بەرگانى**

ئىشتكەچ قوپۇب ناز ئىلە ناز بوي،
دىدى ئىدى مەلىك بۇ نىچۇك گۇپتىگۇي؟
بولۇر كىم تۇغۇب كورمەگەن بىلمەگان،
كىشىلار جاۋابىن بىرۇر بۇ دىگان.
ئىگەر بىك يوگىرىب بارىبان يەرىن،
كورۇب كەلدى ئالسۇن ئاياغى تەرىن.
سىپاھى ئىگەرچە بارىپتۇر دىلىر،
ۋەلى ئەيلەمەپتۇ ئىشىن دىلبەزىر.
كېرەك ئەردىكىم چاھدا ئوق دىۋە ئىشىن
قىلىب چىققاي ئەردى داغى ھېچ كىشىن.
شىرىك ئەتمەگەي ئەردى ئۇز ئىشىگە،
سوزى قالمىغاي ئەردى ھېچ كىشىگە.
بەھرى رەڭ ئالىب چىققانى خوب بولۇب،
ئەركان ئەمما كېيىن ئالدۇرۇب.
بولۇب چارەسىز قالغان ئەھۋالدا،
ھاۋا ئوزرە ئەلىپ بارۇر ھالدا.
ئاتىب سەنگى زەن جان سىتان تاشىنى،
ئۇرۇب ئۇز كۇچى دىۋىنىڭ باشىنى.
ھاۋادىن توشۇپ كەلگۇچى قىزنى ھەم،
يۇقارى تۇتۇپتۇر يەتكۇرمەي ئەلەم.
ئىرۇر سەنگى زەن ھەققى ئول سەر ۋە ناز،
كېرەك ۋەسلىدىن بولسا ئول سەرفەراز.

**فىرۇز شاھىنىڭ يەنە بىرى ئادا بولدىمۇ دەب سوراغانى پەرىزادنىڭ قوبۇل قىلغانى ۋە يەنە ئۇيقۇغە بارغانى**

دىدى شەھرىيار ئى دىلئارام بۇ،
مۇبارەك زەمىرىڭغە خۇش كەلدىمۇ؟
دىدى ئارى ئەمدى يەنە بىرنى ھەم،
بۇ يەڭلىغ بىجا كەلتۇرۇرسەن نە غەم.
ئارامىزدا قالماس تۇرۇر ئۇزگە سوز،
كىشى ئەيتالماس تۇرۇر ئۇزگە سوز.
دىبان يانى باش قويغاچ ئولگۇلئۇزار،
بۇكەز خاتىرىن جەم ئېتىب شەھرىيار.

## فىروز شاھىنىڭ شەمئىدىن سەرگۈزەشتە ھال سوئال قىلغانى

چۇ خۇش كەلگەننى بىلدى دىلدارىغە،
باقىب ئولتۇرۇب شەمئى رۇخسارىغە.
دىدى ئەمدى ئى شەمئى روشەن زەمىر،
دىگىل سەرگۈزەشتەڭنى داغى بىر.

كۆنى كوردۇك ئاتامدىن خەيرۇ شەمەر،
ھىكايەت قىلىب بىزنى قىل باخەبەر.
دىيەلمەي غەمىن شەمئى ھەم زار ئىدى،
پەلەكتىن بەسى ئوتلىرى بار ئىدى.

## شەمئى سەرگۈزەشتىن ھىكايەت قىلغانى، فىروز شاھىنىڭ كەلىمەكىنىڭ سەبەبىنى سورغانى

دىدى ئى شەھنشا فىروز بەخت،
قۇۋانسۇن سىنىڭ بىرلە بۇ تاجۇ تەخت.
چۇ سوردۇڭ مىنىڭ سەرگۈزەشتەم ئىشت
قازا ئەيلاگان سەر نەۋەشتەم ئىشت.
مەن ئەۋۋەل قوزى ئەردىمۇ بىر جاپاي.
ئىگامدىن تىلەي ۋە ئىگەم ئەردى باي.
مىنى بەردىيۇ كەلدى ئويگە ئىلىپ،
قىلىب پەرۋەرىش سۇ بىرىب، ئوت سالىب.
ئولۇق بولدىمۇ بەردىم ئىككى قوزى،
چىراغدەك يورۇدى جاپاينىڭ كوزى.
مەنۇ ھەم ئول ئىككى قوزى ھەم ئىككى رار،
قوزى بەردىكۇ بۇ دەستۇرلار.
بەش - ئالتە يىل ئوتمەي بۇ ھەم بولدى باي،
دەر ئەردىلەر ئەل باي بولدى جاپاي.
ئولۇس ئىچرە مەشھۇر باي ئولدى ئاتى،
مەن ئولدۇم ئۇنىڭ بائىس دولتى.
قەرىلىغ يىتىب ئاجىزلىئو مۇرمەن،
قىسى قالدىمۇ تولدى ياغ بىرلە تەن.
نىكەم ئىرىك قويلارنى سايلاتتۇرۇب،
بارۇر بولدى ساتماققە ھايداتتۇرۇب.
مىنى ھەم دىدى ئىرىك ھوكمىدەدۇر،
قىرىب بەرمەيىن قوزى سەمرۇب يۇرۇر.
قوشۇب ھايدىتىپ كەلدى بازارغە،
كى خىراجىگە ساتقاي خىرىدارغە.
كىلىب كوردى قاساب بەردى باھا،
باھاسىن بىرىب قىلدى باينى رەھا.
بارىمىزنى ھايداب سۈرۈب كەلتۈرۈب،
ئارادىن مىنى تاللاب تۇتتۇرۇب،
ئاياغىمنى باغلاپ تۇرۇب تىغى تىز،
قويۇپ ھەلقۇمغە بولدى خونا بەرىز.
تىرەمنى سويۇپ پارە - پارە قىلىب،
كانارىدا ھەر پارسى سانجىلىب،
ئەلىب باردى ھەر كىشى بىر پارەنى،
قىلىب توھمە ئول پارە بىچارەنى.
ياغىمنى قىلىب جەمئى بىر شەمئى رىز،
ئەلىب ساتقۇن ئىلتىب قىلىب رىز - رىز.
قازانغە سالىب مىنى ئوت ياقىلىب،
قادۇرۇب ۋە ئەلىب سىزغۇرۇب سۇ قىلىب،
قويۇب شەم قىلىب دەستە - دەستە ئاسىب،
دۇكان ئوزرە قويدى ئول ئەردى نىسىب.
نەچە كۈن دۇكاندا ئەسىلىب تۇرۇب
ئوتەردە بۇ رەئنا كىشىسى كورۇب.
بارىمىزنى ساتقۇن ئالىب كەلتۈرۈب،
ھەر ئاخشام بىرىمىزنى بۇ كويدۇرۇب.
ئوتەرەمىز جاھان مۇلكىدىن سوز ئىلە،
كويەرمىز بۇ رەئنا دىلفەرۇز ئىلە.
ۋەلى ھەر نەچە كويسە ئورتەنسە ھەم،
كىشى ئارزۇسى باردۇر دەر بۇ سەنەم.
قىلۇرمىز مۇڭا داغى يۈز قەترە شۇكرى،
بولۇرمىز رىزا داغى يۈز قەترە شۇكرى.
كى مۇنداق پەرىزاد ئۇنىڭ شامىدا،

كويۇب بۇ سۇپەت بەزم ئەييامىدا.
بىزنىڭ رۇشىنىمىزدە گۇلچەرلەر،
چىكىب جامە كەلكۈن قىلىب نەشئەلەر،
پەراغەت ئىلە ئۆتكۇرۇرلەر جاھان،
بىرى بىرى بىرلە بولۇرلار خۇشان.
قىلاي مەن داغى ئەمدى گۇستاخلىغ،
جۇۋابىنى لۇتپى ئەيلاب ئەتمە دەرىغ.

سەنئى شاھ خۇبان ئالەم نىتىب،
بۇ مەنزىلگە كەلدىڭ بۇ يەڭلىغ يېتىب؟
كى بۇ گۇلىستاندۇر پەرىلەر يېرى،
بۇ مەنزىلگە ئادەم ئاتىدىن بېرى،
يوق ئەرمىش گۇزەل ئادەم قىلغانى
سەۋەب نە ئىدى مۇندا كوردۇك سېنى؟

## فىروز شاھنىڭ كەلگەنىنى بۇ ھىكايەتغە باغلاپ بۇ نەفەررىپ بىلە پەرىزاتنى ئويغاتقانى

دىدى شەھرىيار ئى جىگەر سوز ئىشىت،
بىزنىڭ يەردە ئىككى مۇساھىب يىگىت.
بىرى بىرىدىن باشقە بىر سائىتى،
بولۇب ئەيلاماس ئىدى تاقىتى.
ھەمىشە بولۇب بىر بىرى بىرلە شاد،
تىلاب بىر بىرى خوشلۇغىدىن مىراد.
سەپەر قىلىسلار ھەم ئىكاۋ ھەم سەپەر،
مۇقىم ئولىسلار ھەم چۇشىرۇ شىكەر.
بىرىگە فەرەھ يەتسە بىرى خۇشان،
بىرىسىنى خوشان، بىرگە ئەيشى جاھان.
جاھان خوشلىغىن بىر بىرىدىن تىلەب،
قىلىب بىر بىرىسى بىلەن ئەيشۇ تەرەب.
يۇرەر ئەردىلار ئەيشۇ ئالەم قىلىب،
بىرى بىرى ۋەسلىن غەنىمەت بىلىب.
كى تاكى بىرى گەد خۇدالىق ھەۋەس،
قىلىب دىسە ئول دىدى مەنى ئەمەس.
سوراب بىلدىلار ئاندا سىمتەن بىرى،
بەس سالىھ پارسا دىلبىرى.
ئاراغە سالىب سوز تىلاب سوئىبتىن،
رىزا بولدى چۇن قىلدىلار نىسبەتىن.
نەچە كۈن بولۇب گەد خۇدا بۇ بىرى،
بىر ئاخشام پەرىشان بولوب خاتىرى.
كى نە قىلماغۇر ئىشنى قىلدىم ھەۋەس،
مۇنەييىن ئەمەس بۇ ئىش ئىش ئەمەس.
بولۇب گەد خۇدا مەن پاراغەت بىلە،
ئەۋەل ئولدۇر يالغۇز مالالەت بىلە.
نېتىب نە قىلىب ئولتۇرۇر يالغۇزۇن،
نېتىب ئۇيقۇ كىلۇر ئاڭا تۇن ئۇزۇن.
دىبان بارسا ئولدەم قىلىب ئىزتىراب،
ياقىب شەمئ ئالىغە سالىب كىتاب.
غەمىن ئولتۇرۇب ئىلە يالغۇز قالىب،
ئوقۇماي كىتابىغە تىك كوز سالىب.
كىرىب كەلدىيۇ كوردى ئول ھالىنى،
ئوزىدىن بولۇب تۇشكەن ئەھۋالىنى.
دىدى ئول رەفىقۇ ۋاپادارىغە،
ئىشدىن پۇشمان بولۇب يارىغە.
كىم ئى يار نە قىلماغۇر ئىشنى مەن
قىلىب مەنكى يالغۇز بۇ ھالەتنى سەن.
جۇدا بولغان ئەرمەس ئىدوك ھېچدەم،
مەن ئەيتتىم ئوزۇمگە ماڭا بۇ سىتەم.
ئىماس ياخشى ئەمدى بۇ ئادەت بولۇب،
ماڭا ئەيلىسە، ساڭا ھالەت بولۇب.
موقىم ئولساق ئوشۇندا مەنزىل تۇتۇب،
ۋەتەن قىلساق ئوز تورمىزدىن ئوتۇب.
سەپەر ئەيلەيلىك ئەرتە ۋە بىر نەچە
يۇرۇب سەير ئەيلاب نەچە كونگەچە.
بولۇب بىر بىرىمىز بىلە شادمان،
كوڭۇل ئىستىگانچە يۇرۇب ھەر قايان.
ئاچىلىب كوڭۇللارچۇ پەسلى باھار،
پاراموش ئولۇب مىھنەت روزگار.

يانىب كەلسەك ئاندىن يەنە گورگابىز،
نە كەلسە جاھاندىن ئانى كورگەيمىز.
بۇ يەڭلىغ قىلىب ئىتىپاق ئىككى يار،
ساباھ ئەيلاك دەب سەپەر ئىختىيار.
كىلىب بۇ ھالالىغە دىدىكى بىز،
ساباھ ئەيلادۇك ئىتىپاق ئىكمىز.
كى ئەزم سەپەر قىلغانىبىز سەير ئۇچۇن،
كوكۈللەر ئەچىلغاي يورۇب نەچە كۈن.
كى بىر بىرىمىزدىن جۇدا بىر زامان،
بولۇشقان ئەمەس ئەردۇكۇ باشقە جان.
ماڭا بولغالى بۇ سۇپەت نىسىب ئول،
چىكىب پۇرقەتۇ مىھنەت غۇربەت ئول.
پەرىشان ئاشۇفتە ئەھۋال ئىرۇر،
ئەۋۋەل ئول خۇرىسە ماڭا نە ھال ئىرۇر.
يۇرۇب نەچە كۇنگەچە سەير ئەيلەيلى،
بىر بىرىمىزگە كوكۈل ئۇۋلالى.
زەئىپە قوپۇب توشەئى راھ ئىتىب
ئۇزۇغۇ ياراغىنى ۋە بىخورە ئىتىب.
ساباھ بولدىيۇ تەبرەدى ئىككى يار،
بىرى - بىرىسگە بولۇب غەمگۇزار.
يەنە ئەرتىسىگە كىلىب بىر ئىبزىز،
تەرەھھوم كوزىدىن بولۇب قەترە رىز.
خەبەردار قىلدىكىم ئى سىمتەن.
قونۇب ئەردىم ئاخشام فالان يەردە مەن.
كىلور ئەردىم ئاندىن قوپوب ئەر تىلەب،
كى يول ئۇزرە كوردۇم بولۇپتۇر ئەجەب.
رەفىقى كى جۇپتۇ ھالالىك بىلە،
بار ئەردى قۇۋانغان ۋىسالىك بىلە.
قاراقچىغە ئۇچراب ھەدابكە نەزار،
تۇتۇب ئولتۇرۇپتۇر ياتۇرلار بىكار.
قىلىب باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا،
سالىپتور ياتۇرلار بولۇب خاكىپا.
بۇ بولسا خۇدا ھوكمى نە چارەدۇر،
ئەزەلدە نە قىسمەتتۇر ئول بارەدۇر.
چۇسەن - سەن ئۇلارنىڭ كى غەمخوۋارى ھەم،
جاھان ئىچرە يارۇ ھاۋادارى ھەم.

ئۇلار ياتماسۇنلار بولۇب خاكسا
بارىب ئەيلا مەنزىللارىن بەقارار.
ئىشىتكەچ بۇ سوزنى زەئىپە راۋان،
تەشنە بولۇب جانى سۇ باغرى قان.
ياتىپتۇرلار ئىككى رەفىقۇ ھەزىن،
تاپىپ قەتلۇ بىرەھىملەر ئىلكىدىن.
كىسىب باشلارىن تاشلامىشلا جۇدا،
ئەلىب كەلتۇرۇب دابەرۇ پارسا.
قويۇب ھەر بىرىسىنى بىر تەن بىلە،
تەزەررۇھ قىلىب ئاھۇ شەبۇن بىلە.
تەھارەت قىلىب ئىككى رىكەت ناماز،
قىلىبان سۇرۇب يەرگە روي نىياز.
دىمىش كوز ياشىن ئاقىزىبكى ئى ئىلاھ،
ئاياندۇر ساڭا بۇ ئىككى بىگۇناھ.
تاپىپتۇر ستەم كارلاردىن زەرەر،
بۇلار دەردىدىن ماڭا قاندۇر جىگەر.
كىم ئەردى بولار بىزەرەر بەندىلار،
يوق ئەردى بۇلاردىن كىشىگە زەرەر.
تىلەب بىرى بىرى خوشلۇغىنى مادام،
يورۇر ئەردىلەر سەير ئىتىب سۇبھى شام.
نە ئولكىم بولارغە يۇرۇب ئالىمى،
مەتائى جاھان ئولغاي ئەردى غەمى.
غەمى بىر بىرىنىڭ رىزاسىيۇ بەس،
بىرى بىرىسىنىڭ موپتەلاسىيۇ بەس.
بىرى بىرىدىن ئايرىلالمايىن،
بىرى بىرىسىنىڭ خاتىرىن سالمايىن،
كىلىب ئۇچرامىشلار بۇ ئاپەتغە،
مىنى تاشلامىشلار بۇ ئوقەتغە.
ئەگەر رەھم قىلماي ستەم كارلار،
سەتەم قىلدى بىرەھىم خۇنخۇۋارلار.
سەن ئەيلەب تەرەھھۇم بۇلار ھالىغە،
مەنى زارە مەزلۇم ئەھۋالىغە.
بىرىب يانە باشدىن بولارغە ھايات،
ماڭا يەتسە ماتەم ئۇيىدىن نەجات.
سىنىڭ لوتفوڭ ئالدا ئاسان ئىرۇر،
ئاتىڭ چۇن رەھمىيۇ رەھمان ئىرۇر.
چۇ مۇنداق نىياز ئۇزرە مەزلۇم زار،

تەزەررۇ يۈزىن سۇرسە پەرۋەردىگار.
راۋا ئەيلابان ھاجەتىن ئۇلزامان،
ئۇلارغە ئىنايەت قىلىب بەردى جان.
ھەر ئىككىسى قوپتىيۇ ئولتۇردىلار،
بىرى بىردە باشلارىنى كوردىلار.
پەرىشانلىق ئەھۋالىدا ناتەۋان،
ئەلىب كەلتۇرۇب باشلىرىنى ئۇلزامان.
بىرىن بىرگە بىرىنى بىرىگە قوشۇب،
قويۇب ئەردى جانىغە ئۇتلار تۇشۇب.
بىرى بىرىگە ياكىلىش بىرىب باشلارى،
قالىب ھەيرەت ئىچرە ئاقىب ياشلارى.
قۇرۇپتۇرلار ئۇلزار مەزلۇم ئىشى،
نە تۇرلۇك بولۇر بىلمايىن ھىچكىشى.

كىقايىسى بولۇر ئول سەنەم ھەمدەمى،
باش ئولغايمۇ يا تەن ئۇنىڭ مەھرەمى؟
مۇنى بۇ پەرىزاتنىن سوغالى
مەھەلىدە ئەرزىگە يەتكۇرگالى.
كىلىب ئەردەم ئويقۇغە سالىب ئوزىن،
ياتىپتۇر يۇمۇب ناز بىرلە كوزىن.
ئىشتىب ياتىب بولسا بىدار ئولۇب،
بۇ كىم ئەرز قىلدىم خەبەردار ئولۇب.
جوۋابىن قوپۇب ئولتۇرۇب بەرمىسە،
ئولارنىڭ ۋابالىن ئالۇرمەن دىسە.
ئۇلارنىڭ ۋەبالىيۇ بۇ سەرۋە ناز،
ئوزى بىلگەي ئار قىلمىسا ئىھتىراز.

**پەرىزاتنىڭ بىئىختىيار ئويغانغانى، قوپۇب جوۋاب بىرىب**
**فىروز شاھغە دۇئا قىلغانى**

ئىشتكەچ قوپۇب ئولتۇرۇب ئولپەرى،
دىدى ئى شەھەنشاھلار سەرۋەرى.
كالامىڭغە روھۇ رەۋانىم پىدا،
ھەددۇ ئىشقىڭغە جانۇ جاھانىم پىدا.
سائادەت بىرىب ھەق تەبارەك ساڭا،

نىكەم كامىڭ ئەتسون مۇبارەك ساڭا.
ئىرور ئاشنا گەرچە تاھىردا باش،
ۋەلى تەندەدۇر تەنغە مۇھەررەم مائاش.
كىرەككى ئۇنىڭ مۇھەررىمى بولسا تەن،
كىمۇھەررەم دورۇر تەنگە باشتىن بەدەن.

**پەرىزات ئىختىيارىنى فىروز شاھغە سالغانى، فىروز رايىنىڭ كىلىپ**
**قوشۇلغانى، پەرىزات ھەم ئاتا ـ ئاناسىغە خەبەر بەرگانى،**
**بارچەسى يىغىلىپ كەلگەنى**

بۇ ئۇچ شەرتىنى چۇ دىن ئادا شەھرىيار،
قىلىپ ئەردى ئول نازىنىن گۇلئۇزار.
دىدى سەندەدۇر ئىختىيار ئى مەلىك،
ماڭا قالمادى ھىچ نەۋئى ئوزگەلىك.
بۇ شاھزادە ئەمرىدە بولدى ئول ئاي،
خەبەر بەردىيۇ كەلدى فىروزراي.
ئاتا ۋە ئاناسىغە ھەم سىمبەر،

كىشىلەر ئىبەردىكى قىلغاي خەبەر.
يىتىپ چۇن خەبەر بىلدىلار ھالىنى،
بارى شەرت ئادا بولغان ئەھۋالىنى.
بارى ئەھلۇ خىلىن خەبەردار ئىتىپ،
يىتىپ جەمى ئەسباب تەييار ئىتىپ.
ئارام گۇلشىنى كارۋان كەلدىلار،
ئۇلۇغۇ كىچىك شادمان كەلدىلار.

## پەرىزاتنىڭ ئاتا-ئانىسى كەلگەنى، فىروز شاھنىڭ ئەسلۇ نەسەبىن سۇراپ بىلگانى، فىروز شاھنى فىروزراي بىلە كەلتۇرۇب كورگەنلارى

كىلىب چۇن جىگەر بەندىنى كوردىلار،
مەلىك زادە ئەھۋالىنى سوردىلار.
كى قايدىن دۇر كىمگەدۇر نىسبەتى،
نىدۇر تور رەسمىيۇ كىمدۇر ئاتى.
دىدى شەھرى سىمىن مەلىك زادەسى،
جاھان شاھلارنىڭكى ئازادەسى.
ئاتىسىنىڭ ئاتى مەلىك شاھسۇۋار،
بىرىپ ئىككى يۇز ياش ئاتا بىرۇ بار.
ئوغۇل-قىزدا بولغان بارى ھاسلى،
بۇ ئەرمىش كورەر كوزۇ جانۇ دىلى.
كىلىپ ئۇز ئاتى شاھ فىروز شاھ،
توكۇز بارچە ئىشىدا ياراتقان ئىلاھ.

نە ئىش بولسا پەھمۇ پاراسەت بىلە،
بىلۇر قىلۇر يۇز لەتاپەت بىلە.
دىدىلاركى بىز ھەم كورەيلىك ئانى،
كىلىب بىزنى كورماسمۇ ئول ھەم قانى.
تىلاب كەلتۇرۇب شاھ فىروزنى،
بەھەم كوردى ھەم يارۇ سوزنى.
مۇبارەكلىك ئەيلاي پەرى قىزلىرى،
تەبەقلاردا ئالىب جاۋاھىر بارى.
تۇرۇب ئەردىلار باشىغە ساچتىلار،
گۇل بەخىت ئول شوخنىڭ ئاچتىلار.
سەرۇ پايىدە مائىدە كەيدۇردىلار،
مۇناسىب بارى توردا كوردىلار.

## پەرىزادنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ فىروز شاھنى خوشلاب ئىككى ئاي توي قىلىپ نىكا باغلاپ پەرىزادنى فىروز شاھغە بەرگانى:

ئاتا ۋە ئانا داغى خۇش قىلدىلار
رىزا باغىدا گۇلدەك ئاچىلدىلار.
ئولۇق توي ئىتىب ئىككى ئاي چىرغالان
قىلىشىپ پىرى خىلى ياخشى-يامان.
پەرىزادنىڭ باغلىبان ئەقدىنى،
مەلىك زادىغە بەردىلەر نەقدىنى.
چۇ نەقدىنىڭ قۇفلىغە توشتى كىلىد،
ئاچىلدىيۇ ساچىلدى سورخۇ سەفىد.
يۇكلىگەچ دۇررۇ دانە سىمىن سەدەف،
ئەلىب كامىغە گاھى تاپتى شەرەف.
نىسار ئەيلادى لەئلۇ ياقۇتىنى،
دۇردانىدىن تاپتى چۇن قۇۋۋەتىنى.
سەدەف قەبىلە ئومۇر تاباقىدۇر،
ھەمىشە دۇردانە مۇشتاقىدۇر.

باھار ئەۋۋەل بولسا نىسان چاغى،
چىقىب بەھرە ئۇززە ھەرنە دەر ياداغى.
تۇرۇر قەترەئىغە چىكىب ئىنتىزار،
كى قىلغاي نىسىب ئاتا پەرۋەردىگار.
نەسىب ئەيلاگەن قەترەئى جەزب ئىتىب،
تىنىب كوڭلى دەريا توبىگە كىتىب.
تاپىب مۇددىئاسىنى ئەيلاب قارار،
بولۇر ئەرمىش ئانىڭ بىلە دا نەۋار.
نەچەگە نەسىب ئولماي ئول قەترە سۇ،
يانالار ئىمىش بەرمەي ئۇل ئەبرۇ.
يەنە ئەبىر نىسان غىچە كوز تۇتۇب،
يەنە بولسا ھەم روزبەر قىلغاي پۇتۇب.
گەھى خوش، گەھى ناخوش ئەھلى جاھان،
ئۇتەرلار ئىمىش ياخشى، گەھى يامان.

## فىروزرايىغە ھەم بىر نازىنىن پەرىنىڭ تويلاپ ئەقىدە باغلاپ بەرگانلارى

چۇ تاپتىلار ئۇل ئىككى يار ئەتتسال،
چىكىب بىر بىرى بىرلە جامۇ ۋىسسال.
جاھان باغىدا كامىران ئولدىلار،
ئەيشۇ ئەھىب شادمان ئولدىلار.
بار ئەردى پەرىزاد رەئناغە ھەم،
كوكۇلداش ئۇزىدەك تىلىگەن بەھەم.
ئىمىب بىرسۇت ئولغان ئىككاۋ پەرىۋش،
جۇدا بولمىغاي بىر زامان يازۇ قىش.

ھەمىشە ئۇنىڭ ھەمدەم مەھرەمى،
ئۇل ئەردى ئاندىن يوق ئەردىكەمى.
بارى ھوسىن توردا كامىل ئىدى،
نىكەم ئاندادۇر، مۇندا ھاسىل ئىدى.
ئەنىڭ ۋالىھى بولدى فىروز راي،
چۇ بۇ ۋالە بولدى مۇڭا ھەم ئۇل ئاي.
بىرى بىرىگە نىسبەتەن قىلدىلار،
ئۇلار ھەم جاھان ئىشرەتىن قىلدىلار.

## مەلىك شەھسۇۋارنىڭ فىروز شاھنىڭ ئىزىچە بارىب تاپالماي يانىپ كەلگانى، ئاناسى فىروز شاھنىڭ ئاناسىنىڭ ئوغۇل فىراقىدا ئولگانى

بۇلار مۇندا بۇ ئەيشۇ ئىشرەت بىلە،
كوكۇل ئىستىگەندەك پاراغەت بىلە.
تۇرۇب بىر ئۇقۇبان مەلىك شەھسۇۋار،
كى قالدى ئۇ ئۇستىدا كوڭلى فەكار.
ئەنىڭ ھالىدىن ھەم بايان ئەيلايلى،
نە بولدى نە قىلدى ئايان ئەيلايلى.
كىمىك كىم ئۇتۇپ شاھ فەروزانە،
قاۋۇپ كەتتى ئۇل پەردىلسوزانە.
كورۇپ تۇردى تا بولدى كوزدىن يىراق،
ھەزىن جانىغە تۇشتى دەردۇ فىراق.
تەھەممۇل قىلالماي ئاۋنى سالىب،
جىگەر كوشەسىنىڭ ئىزىنى ئالىب.
راۋان بولدىيۇ تاپتى ئەل ھەم خەبەر،
توشۇب شاھنىڭ سوڭىغە سەربەسەر.
سورۇبان يىتىب ئىستاشىپ ھەرنەچە،
ئىزىنى ئىزارلاب قاراڭغۇ كىچە.
تاپالماي ئىزىنى ھەم ئىيتتۇردىلار،
ئوتۇپ ئۇل كىچە تاڭلا ھەم سوردىلار.
بىلالمادىلاركى باردى قايان،
تىلابان تاپالمادى نامۇ نىشان.
كىيىكنىڭ ئىزىچە كىلىب ئەتتىلەر،
كىشى بىلمادىكىم قايان كەتتىلەر.

بىر ئايچە يۇرۇب ئىستاب ئەل سەربەسەر،
نە دەشتۇ نە سەھرا نە كوھۇ كەمەر.
تاپالمايىن نائۇمىد ئولدىلار،
جاھاننى كەزىبان بىر ئاي يۇردىلار.
قاراردى كوزىگە جاھان شاھنىڭ،
فىراقىدا فەرزەندىلمۇ ۋاھنىڭ.
يۇرەكى سۇ باغرىيۇ بەريان ئىدى،
بۇ ۋەھمۇ غەم ئىچرە ئىچى قان ئىدى.
كى قايسارى باردى جىگەر پارەسى،
قالۇرمۇ ماڭا بۇ يۇرەك يارەسى.
بىلىك ئەتتىمۇ توئىمە پىشىشە ئارا،
ئالىب كەتتىمۇ تاغ ئارا ئەجدىھا.
سۇغا تۇشتىمۇ يۇتتىمۇ يا نەھەڭ،
ھاۋا قىلدى سومرۇغ ئەلىب با بەچەڭ.
يىقىلدىمۇ ئاتتىن يامان يەر كىلىب،
ياياق قالدىمۇ ئاتتىن ئايرىلىب.
سۇباب سايەئى ئارزۇ قىلدىمۇ،
پاناھى تاپىب ئاندا يىقىلدىمۇ؟
يىقىلغاندا يا بىخۇت ئاتتىن يامان،
كىتىب ھوشىدىن بىخۇد ئولغان زامان.
بورىلەر گوزەرىغە توش بولدىمۇ،
قىنى توئىمەئى، روھى قۇش بولدىمۇ؟

دەب ئەيلار ئەردى هەر زامان بىر خيال،
ئاپىلماغلىق بولدى ئاخىر مەهال.
نە ئىزنىيۇ نەز ئىزىدىن ئولدى نىشان،
يارۇغ كوزلىرىگە قاراردى جاهان.
ئۇمىدىن جىگەر كوشەسىدىن ئۈزۈپ،
بۇلۇتتەك قارا چىرماب ئەفغان تۈزۈپ.
خازان يامغۇرىدەك ئاقىزىب ياشىن،
تۇتۇبدۇر ماتەم ئوتىدىن باشىن.
بولۇب ئاق ساقالىنى بەرباد ئىتىب،
ياقاسىنى قىلىب چاكۇ فەرياد ئىتىب.
يانىب تۇشتى ماتەمدا تۈتدەك بولۇپ،
ئول ئىشرەتنى غۇسسەغە ئويۇرۇلۇپ.
ئاناسى جاهان بانۇي پاك چىهرە،
خەبەر تاپتى كىم ۋە هەر تەرك ئەتتى مىهرە.
قويۇب شاه ئاياغىغە باشىن زار،
قىلىب يۈزۈ كوكسىنى ئەيلاب فىگار.
قويۇب ماتەم ئوتى بىلە ئاتىۋان.
فىراق ئىچرە تەگرىگە تاپشۇردى جان.

## مەلىك شەهسۇۋار ئوغلىنىڭ ۋە هەمغۇۋانەسىنىڭ فىراقىدا خاراپ بولۇپ ئەفغان قىلغانى

چۇكۇردى مەلىك شەهسۇۋار ئىلە هال،
دىدى ئى ئەجەل جانىمنى ئال.
يىگىتلىكتە مۇنداق بالا كورمادىم،
نىشات تەرىپىدىن ئۇ كۈن سورمادىم.
كۆچۈ قۇۋۇشتىم باردا دەردۇ غەم،
يىتىب چەكمادى جان كوڭلۇم ئەلەم.
قەرىلىغىم داغى دولىتتۇ هورمىتىم،
جىگەر كوشەم ئەردى كۆچۈ قۇۋۇشتىم.
كۆچۈ قۇۋۇشتىمدىن جۇدا ئەيلادىڭ،
ئاڭا هەمدەمنى پىدا ئەيلادىڭ.
بۇلارسىز ماڭا نىدۇر هايات،
مۇنىڭدەك هايات ئوتكەننى ياخشى يات.
دەب ئەفغان قىلۇر ئەردى بىچارە پىر،
بولۇپ ماتەم ئىلكىدە جانى ئەسىر.
تەرىكلىكتىن تارتىبان يۈز مالال،
بولۇپ ئەردى زەئىپ ئىچرە ئانداغكى نال.
ئوغۇل دەردىيۇ هەم نەشىن غەمى،
خاراب ئەيلەر ئەردى دەمىدىن دەمى.

## سەلىمنىڭ مەلىك شەهسۇۋارغە كوڭۇل بېرىپ نەسىهەت راي كورساتكانى

چۇ شاه ئولدى هىجران غەمىدىن خاراب،
سەلىم جاهان دىدىغە ئىزتىراب.
تۇشۇپ ئورتانىب جانى بىر كۈن كىلىب،
شاه ئالىدا ئولتۇردى مەهزۇن كىلىپ.
ئەيتىنكىم ئى شاه نىچۇن سەتەم،
ئوزۇڭگە قىلىپ تارتادۇرسەن ئەلەم.
نەۋەللا قىلىب هەققە سەبىر ئەيلاگىل،
ئەۋۇ غۇسسەغە ئوزنى كوب بەرماگىل.
خۇدا بەندەسىدۇر ئۇلار بىر داغى،
ئۇلارنىڭ مۇنىڭدەك ئىتىب بارماغى.
ئىماس تورۇر ئەلبەتتە بىهكمەتى،
ئۇلارغەدۇر ئەلبەتتە بىر هالىتى.
كىشى چۇن كوزى بىرلە كورگەن ئەمەس،
نەهى بولغان ئولغان ئۇلارغە قەپەس.
يامان فال نىچۇن كىرەكتۇر بۇتۇر
سالۇر بۇ سۇپەتنى ئەيىامدۇر.
ئەمەستۇر مۇڭا بىتە هەمبۇللۇق ئىش،
تەهەممۇل قىلۇر مۇندا قوللۇق ئىش.
تەزەررۇ قىلىب تەڭرىگە سۇبهى شام،
تەلەب ئۇستىدە ئەيلەيلۇق ئىهتىمام.
يىتىمۇ، پەقىرۇ ئەسىرۇ غەرىب،
خۇدا يولىدا بىردىن ئالسۇن نەسىپ.

گۇناكارلار زىندانى ۋە بەندىلەر،
كى بەندۇ بالا بىرلە شامۇ سەھەر.
دىلئازارىدە دەردۇ غەم دىدەدۇر،
پەرىشان مەھجۇر رەنجىدەدۇر.
ئۇلارنى قىلىب لۇتفى ئازاد ئىتىك،
ئەلىب كوڭلىنى خاتىرىن شاد ئىتىك.
تول ئۇكسۇكگە خەيرئىلە ئىھسان قىلىك،
بۇ ئەلنىڭ دۇئاسىن ئىجابەت قىلىك.
بىرىنىڭ دۇئاسىنى ھەق مۇستىجاب،
ئەگەر قىلدى بولدۇق بىلىك مىياب.
بۇ ئىشنى قىلىپ شەھ سەبر ئەيلاماك،
ئىبرۇر جۇملە مەقسۇددىن بەر يىماك.
پەيغەمبەرلەر ئىچرە ۋە ھەم شەھرىيار،
سالىبتۇر بۇ ھىجران ئۇتتى كەردكار.
بار ئەركىن ئۇنىڭ تانچۇك ھىكمىتى،
نىتەي دىسە ئانى قىلۇر قۇدرىتى.
ئەنىگدەككى يەئقۇب پەيغەمبەرىن،
ھەسەد ئۇتىغە سالىب ئوغلانلارىن.
سەبەب قىلدى يۇسۇپتىن ئەتتى جۇدا،
فىراقى بىلان ئەيلادى مۇبتەلا.
ھەمىشە كىويۇب داغ ھىجران ئارا،
غەمىن ئولتۇرۇب بەيتۇلھەزان ئارا.
يىغىدىن دەمى خالى ئەرمەس ئىدى،
كورەر كوزلارى نۇر بەرمەس ئىدى.
نەھايەتۇ ئاشتى ئىسە غۇسسەسى،
قىلغان بىرلە سەبىرلىك قىسسەسى.

خىتاپ ئەيلادى ھەق ئى مەردى ھەق،
ئەگەر بولدى ئوغلۇڭ جۇدا بىزگە باق.
بىز ئەيتتۇق جۇداسىدىن بىزنىڭ بىرلە بول،
بىزنىڭ بىرلە بولساڭ قايان بارغاي ئول.
ئەگەر ئەمدى مۇندىن نارى غەم يىسەڭ،
بولۇپ سەبىرسىز يۇسۇب ئاتىن دىسەڭ.
سالۇر بىزنى ھەم بىز ئۇزىدىن يەراق،
بىلورسەن ئۇزۇڭ قايسىدۇر ياخشىراق.
ھەر ئىنسان ئولۇب تەڭرى پەرماندىن،
چىقىب كوشەئى بەيتۇل ئەھزاندىن.
ئونۇتتى تامامۇ غەمۇ مىھنەتىن،
ئىككىنچى ئەيتمادى يۇسۇب ئاتىن.
تەھەممۇل قىلىب تەڭرى يادى بىلە،
بولۇب ئەردى ئانىڭ مرادى بىلە.
جاھان ئاپىرىدىن ھەم پەلەك گەردىشىن،
تۇزۇب راي ئىلە قىلدى ئاسمان ئىشىن.
جۇدا بولغان ئوغلىن بىرىب ئىززۇ جاھ،
قىلىب مىسرى تەختى ئۇزە پادىشاھ.
خوشا بەردىيۇ ئەيلادى شادىمان،
يارۇدى قارا كوزىگە جاھان،
جاھان مۇلكىدىن جان دەۋلىتۇ ئىلە،
دىلۇ روشنۇ جان ئاگاھ ئىلە.
ئابىد مەنزىلغە قەدەم قويدىلەر،
ئەل ئۇنىڭ ئىتنى ئەدەم قويدىلەر.
بارىمىزغە داغى ئىش ئۇشبۇدۇر،
ئۇكۇن ئىش ئەمەستۇر ئىش ئۇشبۇدۇر.

## مەلىك سەلىمنىڭ سوزىگە خوشھال بولۇب، ئىختىيارنى سەلىمغە سالىب خەندە جان قىلغانى

بۇ سوزلەرنى شاھ ئۇ جاھان دىدەدىن،
ئىشتكاچ ياش ئەيلاب راۋان دىدەدىن.
دىدى ئى ھەدىسىگدا جان راھتى،
سىنىڭ بىرلە بولسۇن جاھان دولتى.
كم ئولغايمۇ ئانداقكى فىروز شاھ،
تىرىك بولغايۇ قوشقاي ئەنى ئىلاھ.

ھەدىسىڭ مىنى قىلدى ئۇمۇتۋار،
نىچۇككىم تىلەر رايىڭ ئول ئىختىيار،
نىكىم بەندۇ زىندانى باردۇر بارىن،
قوبۇگۇ بەرىك ئانچە سىمۇ زەرىن.
كى ھىچكىمگە مۇھتاجلىق چەكمىسۇن،
خۇدا يولىدا ئالسۇنۇ رەنجىمسۇن.

يىتىمۇ پەقىرۇ غەرىبۇ ئەسىر،
تۇلۇ بىۋە خاھى يىگىت خاھى پىر.
بىرىلىك خىلئەتۇ، ئاشۇ، نانۇ، تائام،
قۇرۇق قالمىسۇن بەندە خاسۇ ئام.
سەلىم ئۇنچە پەرمان قىلىب ئەردى شاھ،
يۈز ئانچە قىلىب كوشەش ئول نىكخاھ.
قىلىب بەندۇ زىندانلارنى خالاس،
بولۇك دىدى دەرگاھ ئالىدا خاس.
نىكەم ئەردى دۇنيادا مۇھتاجلار،
غىنى بولدىيۇ تويدىلار ئاچلار.
ئولۇسنىڭ دۇئاسى بولۇپ رەھبەر،
تەزەررۇ بىلەن ئۈزى شامۇ سەھەر.

تەلەب ئۇستىدە بولدى ئۇمىتۋار،
كى بەرگەي تىلەكنى پەرۋەردىگار.
بىلە كىمكى خالىق رىزاسىن تىلەر،
بولۇر خەلقى ئەھۋالىدىن باخەبەر.
ئەنىڭ ھالىدىن ھەم ئول ئاگاھ ئىرۇر،
يۇمۇب ئاچقۇچ كوز مىرادىن بىرۇر.
ۋەلى ئادىمى ئەسرۇ غەپلەتتەدۇر،
تىكىپ كوزىنى دۇنياغە مىھنەتتەدۇر.
ئەگەر بەندىسى بولسە ئەنىڭ بىلە،
ئەنىڭ لوتفى ئېھسانىدىن نەكىلە.
نەچە غەپلىتى بولسە ھەم ئادىمى،
كىرەم كوركى رىزقىن كەم ئەتمەس دەمى.

## فىروز شاھ تۇشىدە ئاتىسىنى مۇناجات ئۈزرە كورۇپ پەرىشان ئويغانغانى، پەرىزات پەرىشانلىقىنىڭ سەبەبىنى سورغانى

بۇلار مۇندا تۇرسۇن ئۇ ئۇستىدە،
ئولار كىم نىشاتۇ تەرەپ ئۇستىدە.
قالىب ئەردىلار ئەمدى ئولىيان كىزەر،
قىلىب ئەيلەيلى قىسسەنى مۇختەسەر.
پەرىزاد رەئنا بىلە شەھرىيار،
چىكىب جامۇ كەلكۇن ئالىشىب كانار.
ياتىب ئەردىلەركىم سەھەرگاھ ئىدى،
كوز ئۇيقۇدا ۋە كوڭۇل ئاگاھ ئىدى.
كى كوردى ئۈزىن شاھ سىمىن ئارا،
ئولۇسنىڭ باشىندا تۇتۇندەك قارا.
ئاتاسى ھەرىمىغە قوسىيە قەدەم،
قاراڭغۇلۇق ئەردى ھەرەم سەھنە ھەم.
تاپالماس ئەردى كىشىكىم خەبەر،
سوراب بىلگەي ئول تۇندۇر يا سەھەر.
قەدەم قويسە ئىلگىرى ئول شاھسۇۋار،
قاراڭغۇلۇق ئىچرە چىكىب ئىنتىزار.
قويۇب باشىنى يەرگە گەريان ئېرۇر،
فىراق ئوتىدا باغرى بەربات ئېرۇر.
قىلىب نالۇ زار ئەفغان تۈزۈب،
فىغان بىرلە ھەر لەھەز كوڭلىن بۇزۇب.

مۇناجات ئۈزرە دەيدۇ ئى بىرۇ بار،
سىنىڭ ھەزرىتىڭدە ئىرۇر ئاشكار.
كى يەللار تەلەبكار پەرزەند ئىدىم،
ئەسرۇ خاراب جىگەر بەندە ئىدىم.
كى مەن بارسام ئورنۇمدا ئولتۇرغاي ئول،
ئوچۇرگەن چىراغىمنى ياندۇرغاي ئول.
ئولۇسۇم ئۈزرە پادىشالىق قىلىب،
كىيىب تاجۇ، تەختىم ئۈزرە ئولتۇرۇب.
جاھان ئىچرە ئەيشۇ سەرۋەر ئەيلەگەي،
ئۈنى كورسە روھۇم ھوزۇر ئەيلەگەي.
نىچوككىم تىلەر ئەردى خاتىر ماڭا،
بارى روشەنۇ زاھىر ئەردى ساڭا.
ئىنايەت قىلىپ بەردىڭ ئانداق ئوغۇل،
كىم ئىچىلغان ئەمەس ئەردى ئەيلا گۇل.
ۋەلى غۇنچەسى ئەچىلۇر چاغىدا،
كورۇنۇپ كىلۇردە نەزەر باغىدا،
نەغەم تەندۇ باغىغە قىلدىڭ دۇچار،
قايان سالدى گەردىدىن بىئېتىبار.
كى نامۇ نىشانىدىن ئانىڭ خەبەر،
بىلالمىدىم باردى نۇرى بەرسەر.

كىيىكنىڭ ئىزىچە بولۇب روبىراھ،
قايان باردى پەرزەندىم دىلبەندىم ئاھ.
جاھاندا تىرىكمىكىن يا ئۇلۇك،
يانا بارمۇكىن ئانى كورگۇلۇك.
ۋە يا خۇد بۇ ئارمان ئىلە خارۇ زار،
بېرىپ جان قالارمەنمۇ بىبەركىي بار.
دەرەختىكى بىبەركى بار ئولغاي ئول،
جاھان ئىچرە نىقەدەر دارئولغاي ئول.
نە سايە ئىرۇر ئاڭا نە مىۋەئى،
كى سايا سىدا بەرە يىگەي سىۋەئى.
كىسىب ئوتقە ياقماقتىن ئوزىگە ئانى،
جاھان بوستانىدا سودى قانى.
مېنى ئەسلا جەبرىكۇبار ئەيلەدىڭ،
كى بىقەدىر ۋە بىئېتىبار ئەيلەدىڭ.
كىسلمەي ئۇمىدىمىنىڭ بولدى قانى،
نە قىلدى فىراق ئوتقە ياقماي مېنى.
ئاتاسىنى چۇن كوردى بۇ ھال ئىلە،
پەرىشان ئاشىپتە ئەھۋال ئىلە.
كى نا ئۇمىدلىك ئوزرە ئەيلەب نەفىر،
فىراق ئوتىدا ئورتەنۇر خەستە پىر.
پەرىشان ئولۇب قوپتى بىدار ئولۇب،
ئاتاسى فىراقدىن ئەپكار ئولۇب.
كوزىدىن تەرەھھوم ياشى ئاقىلىب،
ئاتاسى ئوتى جانىغە ياقىلىب.
پەرىزاد رەئنا داغى سەسكانىب،
كوزىن ئاچىسە فىروز شاھ ئويغانىب.
قوپۇب ئولتۇرۇب زار ـ گەريان ئىرۇر،
پەرىشانلىق ئوتىدا بەريان ئىرۇر.
دىدى شوخ رەئناكىم ئى شەھرىيار،
ناغۇ خاتىرەڭ بولدى مۇنداق فىكار؟
ناغۇ نەركەسىڭ ئەشك ئىلە لالە نام،
بولۇپ ئىشرەت ئۇيقۇسىن ئەيلەر ھارام.
مېنى ئەيلە بۇ ھالدىن باخەبەر،
كى قان بولدى ماڭا بۇ غەمدىن جىگەر.

## فىروز شاھنىڭ تۇشىدە ئاتاسىنى كورگانىنى پەرىزادقا ئەيتقانى

دىدى ئى كوزۇم روشنى مەھۋەشىم،
دىباڭكىم نە ئۇچۇن راۋاندۇر ياشىم.
ناغۇ مۇنداق ئاشىفتە ئەھۋال مەن،
بولۇب خاتىرەم خەستە بەرھالمەن.
تۇشۇمدە ئاتام ھالىن ئەسرۇ خاراب،
كورۇب تۇشتى كوڭلۇمگە بۇ پېچ تاب.
مېنىڭ ئۇچۇن ئەسرۇ دىل ئەپكار ئىمىش،
فىراقىدا ئەھۋال دىشۋار ئىمىش.
باشىنى قويۇب سەجدىگە خەستە پىر،
يۇزىنى سورۇپ يەرگە پىر پەقىر.
مۇناجات ئوزرە ئېيدۇروركى ئى ئىلاھ،
قانى كوزلەرىم نورى فىروز شاھ؟
قانى ئول بۇ يەرگە يېتىب ھاسىلىم،
كورەر كوزىمۇ جانۇ ئەقلىمۇ دىلىم.
ئانامدىن ھېچ ئاسار پەيدا ئەمەس،
مۇناجات ئوزرە بىر ئاتامدۇر بەس.
ئاتام ئانچە قىلغاندا مەزلۇم ئانام،
يەمەسمو ئەيدى بولسە يۇز مۇنچە غەم.
فىراقىمدا مەزلۇم مىسكىن ئوتۇپ،
ئاتام قالدىمۇ يالغۇزدىن غەم يۇتۇب.
ئاتام يانىدا ئوران خالى دۇرۇر،
مىگەركىم ئەجەل پايمال دۇرۇر.
پەرىشانلىغىدە سەۋەب ئوشبۇدۇر،
بۇ غەم بىرلە جان خارمىنىم سۇدۇر.

## پەرىزادنىڭ فىروز شاھنىڭ تۇشىنى ئاڭلاب پەرىشان بولۇب، شەھرى سىمەنگە بارور مەسلىھەتىنى كورگانى

ئىشتكەچ بۇ ۋاقىئەنى ئول نازىنىن
بولۇب خاتىرى خەستە جانى ھەزىن.
توكۇب شەمئىدەك ئەشك دۇردانىسىن،
كورەلمەي ئول ئوتتا پەرۋانەسىن.

دىدى ئى ئىسزىلمك توزى تاجۇ سەپەرىم،
باشمدىن ئاياغىم تەپلىك بارىم.
سىىن مىنىڭ مىنىڭدەك زەئىبو ھەزىن،
ساڭا سەدىقى بولسۇن سەن ئۇلمە غەمىن.
نەيەرگە قەدەم قويساڭ ئۇل يەردە مەن،
باشىمدۇر ئاياغىڭدا ھەر قايدا سەن.
پەلەك ئەمدى سەندىن يىراق ئوتمسۇن،
فىراقىنىڭ بالاسىنى كورسەتمسۇن.

ئاتاڭ ئانداق ئۇلسە فىراقىڭدا زار،
ساڭادۇر نە پەرمانلىساڭ ئىختىيار.
ۋەتەن سارىغە خاتىرەڭ قىلسە مەيىل،
نەمەنىڭ يولۇڭدا تۇمەن جان تەفىل.
موڭا مۇنچە خاتىر پەرىشان نەدۇر،
دىلۇدىدە پەريان گەريان نەدۇر.
ئاتا ـ ئانا ئاندا ئانداق خاراب،
بولۇپ بىزگە تورماقلىغى ئەرمەس ساۋاب.

## شاھ تاجى بىلە ماھرويى شەھرى زەررىندىن كىلىب فىروز شاھ بىلەن پەرىزادنى ياخشى ياراغلار بىلە شەھرى سىمىنگە ياندۇرغانى

بۇ سوزدىن بولۇب شاھ بىغايەت خۇشان،
مۇۋاپىق ئىككى يار ئۇلۇب ئۇلزامان.
قىلىب ئىتپاق ئەيلەدىلەر ياراغ،
بەرەرغە ئەيلەدىلەر بىئەيشۇ فاراغ.
خەبەردار ئۇلۇب كەلدى شاھ تاجۇ بەخت،
كى باغلار جىگەر بەندى سىمىنگە رەخت.
ئاناسى داغى ماھرويى زەرىنى،
دىل ئەفكار كەلدى ئىرۇر چۇن زەئىنى.
زەئىفۇ قەۋى ئالەم ئىچرە بىلە،
ئىرۇر بارچەغە ھجرى مۇشكۇل ۋەلە.
زەئىنى ئەلگە دىشۋار ئىرۇر ئوزگىدىن،
زەئىنى ئەل دىل ئەفكار ئىرۇر ئوزگىدىن.
مۇكەممەل بولۇب بارى جابدۇقلارى،
چىقىب يۈككە جابدۇقتىن ئارتۇقلارى.
پەرىدىن بىرىب شاھ قىرق ئويى قىزى،
كى ھەر بىرىنىڭ يەرگە باسقان ئىزى.
پەلەكتىكلەر كوزىگە تۇتىيا،
بولۇر ئەردى ئادەملەرغە خودنە بالا.
بەنە نەچە قۇل بەتچىلەر ھەم بۇتۇر،
كى كورگەن ئەمەس ئەردى ئەيىامدۇر.
تۇتۇب ھەر بىرى بىر باھار قاتار،
راۋان بولدىلار يولغە بىئىختىيار.

بۇلار ھەم ئىجازەتلەشىب ئاتلانىب،
راۋان بولدىلار ئەرسە ئوتتەك يانىب.
ئاتا ۋە ئانا يىغلاشىپ قالدىلار،
فىراق ئىچرە غەم نەغمىسىن چالدىلار.
بارى ئالەم ئەھلىغە ھال ئوشبۇدۇر،
بىل بارچىغە ئوشبۇ ئەھۋالدۇر.
كى بارچە تەلەپكار پەرزەند ئىرۇر،
چۇ بولدى ئاڭا جانى دىلبەند ئىرۇر.
ئەگەر كورسە كوز قەترە ياشدىن،
يىتەر ئولدەم ئويرۇلگەنى باشدىن.
كىپى پايىغە تەگسە ناگھان خار،
قىلۇر جانىغە نەيزە يەتكەنچە كار.
بۇ يەڭلىغ جىگەر خۇنلۇق ئىلە مەدام،
قىلور پەرۋەرىش كورسەتىپ ئىھتىمام.
ھەمىنكىم يىتىپ ياشقە بالىغ بولۇر،
ئەنىڭ شىۋەسى بىۋالىق بولۇر.
دەرىغاكى، ئالەم ئىشى ئوشبۇدۇر،
جاھان ئەھلىنىڭ ئىشى ئوشبۇدۇر.
بوگۈنكىم كورەر مىھرىبانلار ۋىسال،
ئوتەرچۇن بۇگۇن تاڭلا باردۇر خىيال.
چۇ تەڭرى تائالا بۇ ئەمىر ئەيلامىش،
جاھان ئەھلىنىڭ شىۋەسى بۇ ئىمىش.

**فىروز شاھ بىلەن پەرىزادنىڭ شەھرى سىمىنگە يېتىپ بارغانى، مەلىك شەھسۇۋارنىڭ بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ تامام خەلق بىلە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كورۇشۇب بىلىك ئوغلىن كوروب شاد ئولغانى، فىروز شاھنىڭ ئاناسىن يوقلاغانى**

راۋايەت قىلۇر بۇ سوپەت پەرىراھ،
كى چۇن يەتتى سىمىنگە فىروز شاھ.
ئاتاسى خەبەردار ئولۇپ شادمان،
بولۇب كوزلەرىگە يارۇدى جاھان.
كىم ئوچكەن چىراغىنى ھەق ياندۇرۇب،
يوقالغان جىگەر بەندىنى يەتكۇرۇب.
قۇرىغان گۇلۇستانىنى سەبزە ئىتىب،
چىقىپ كەلدى سەرۋەر دانە يىتىب.
چىقىب ئالىغە ئوترو شاھۇ گادا،
كورشۇب قىلىب جانلارىنى پىدا.
ئاتاسى ئاياغىغە ئوغلى تۇشۇب،
قۇچۇب ئوغلىنى كوزلىرى يورۇشۇب.
تۇكۇب شادلىق ئەشكىنى كوزىدىن،
كوتەرمەي كوزىن ئوغلىنىڭ يۈزىدىن.
قىلۇر ئەردى شوكۇر خودايى كىرەم،
نىچۇككىم بۇ ئوغلى بىلە ھەم تەسلىم.
ۋە لېكىن ئاناسىنى فىروز شاھ،
ئاتاسى بىلە كورمىگاچ تارتىب ئاھ.
دىدى ئەي دەرىغ ئول ۋەلى نىمەتىم،
دەمى كورمىگەن خەبەر غەمۇ مىھنەتىم.
ئانام مېھرىبانىم قىبلەم قانى،
كى سۇلتان ئاتام بىرلە كورمادىم ئانى.

**مەلىكىنىڭ فىروز شاھغە ئاناڭ سىنىڭ فىراقىڭدا باردى دەپ ئەيتقانى، شەھرۇ خەلقى ئالىدە پادشالىغىنى فىروز شاھغە نەسىھەت قىلىب تاپشورغانى ھەم ۋەسىيەت قىلىب جان بەرگانى**

چۇ دەرد فىراق ئىلە شاھ جاھان،
بولۇب ئەردى زەئىف ئىچرە بەس ناتاۋان.
ۋەلى ئوغلىنى كورمەك ئۇمىدىدە،
يۈزىنى يۈزىگە سۇرمەك ئۇمىدىدە.
ئېلىنىپ تۇرۇب ئەردىڭ ئولمايىن
تىرىكلىڭ ئولۇك ساندا بولمايىن.
يوق ئەرسى ئوتۇب دەردۇ غەم مەغزىغە،
چىقارغە يىتىب ئەردى جان ئاغزىغە.
كى يەتتى جىگەر بەندىيۇ بىر زامان،
ئەنىڭ خوشلۇغى بىرلە جىسمىدا جان.
تورۇب ئەردى بىرلە ھەز ئەيلاب قارار،
ئاناسىن سۇئال ئەيلەگەچ شەھرىيار.
فىراق داغى دەردۇ غەم يادىغە،
توشۇب سالىب جان ناشادىغە.
ئەيتتىكىم ئى نۇرى دىدەم مېنىڭ،
مەئە سالدى يالغۇز فىراقىڭ سېنىڭ.
فىراقىڭدا بەرباد قىلدى ئوزىن،
فىراقىڭ غەمى بىرلە يۇمدى كوزىن.
يېتىب ئەردىم ئول ھالىغە مەن داغى،
بولۇب ئەردى ئومرۇمنىڭ ئاخىر چاغى.
سېنى كورمەكىم ئەردى بىر ئارزۇ،
ھايات ئىتەرىمدىن غەرەز ئەردى بۇ.
كى سەن بولساڭ ئورنۇمدا تاجۇ تەخت،
ساڭا بولسە ۋە ئورناسا تەختۇ بەخت.
بولۇپ خاتىرەم جەمى سەندىن تامام،
جاھان باغىدىن ئەيلەگەيمەن خۇرام.
بىھەمدىللا ئولكىم مىرادىم ئىدى،
سېنى بەردى باشتىن ياراتقان ئىدى.
ساڭا بولسۇن ئەمدى جاھان گۇلشىنى،
خۇدا سالامەت تۇتسۇن ئەمدى سېنى.
گۇلۇ گۇلشەنىڭ تازا بولسۇن سېنىڭ،
جاھان ئىچرە ئاۋازىڭ بولسۇن سېنىڭ.

نەھال قەددىڭ سەرۋىرىڭ سەرفىراز،
بولۇب چەكمىسۇن دەھرىدىن ئىھتىراز.
فىراقىڭدا ئەگەر باردى ئول ھەمدەمىم،
مېنىڭ ھەم قېلىب ئەردىن ئۇشبۇ دەمىم.
مۇنۇ شەھرۇ مەلىكۇ ۋىلايەت سېنىڭ،
بارى تەركو تاجۇ رىئايەت سېنىڭ.
توزۇك تەرى ئەيلە ئەدلۇ بۇنياد قىل،
ئادالەت بىرلە مۇلكو ئاباد قىل.
فەقىرۇ غېرىبۇ يىگىتۇ قېرى،
سېنىڭ خەيرىڭ ئىلە قوۋانسۇن بارى.
بوتۇر ئەل دوئاسى كى ھەمرا ئولۇر،
نە قىلساڭ ئىشىڭ بارى دىلخۇۋا ئىرۇر.
ئۇلۇس ياخشى خۇلقۇڭدىن ئولسۇن خوشان،
نىكەم فىتنىدىن مۇلكۇڭ ئولسۇن ئامان.
ئۇلۇس كوڭلىكىم شاھتىن جەمى ئىرۇر
نە مەقسوتكىم بولسا تەگرى بىرور،
دىل ئازارلىق پىششەسى شۇمدۇر،
نە بولغاي دىلئازارى مەلۇم دۇر.
بولۇب رەھىم دىل خەلق ئىچىن شاد قىل،
دوئادا بىرەرتە بىزنى ھەم ياد قىل.
بۇ يەڭلىغ ۋەسىيەتلەر ئۇستىدە ھەرف،
سورۇب قىلدى جانەنى جانانغە سەرف.
مەلىكزادە ئەيلەب ياقاسىنى چاك،
بولۇب بارچە بۇ غۇسسىدىن دەردناك.
چىكىب دەردلىغى ئاھ ئازا تۇتتىلار،
ئازا ئىچرە خۇناب غەم يۇتتىلار.
مەقامىكى ھەم خانەسى مەنزىلى،
بولۇب ئەردى جانانسى مەنزىلى.
ھەم ئول شاھ ئالەمنى يەتكۇردىلەر،
ئاڭا يار ھەمدەمنى يەتكۇردىلەر.
قويۇب مەنزىلىغە يانىب خاسۇ ئام،
بولۇب خەتمى ئۇلۇسقە چىكىلىب تائام.
قاراسىنى شاھزادىنىڭ سالدىلار.
ئىزا خىلئىتىن ئىگنەدىن ئالدىلار.

## فىروز شاھنىڭ تەختتە ئولتۇرۇب ئەدلى بۇنياد قىلغانى، يۇز ئەللىك يىل پادىشالىق سۇرگانى

چۇ شاھزادە سالدى ئىزا خىلئەتىن
ئاڭا قويدى گەردىدىن جاھان نوبىتىن.
ئاكابىر يىغىلىب تەۋازۇئ بىلەن،
كىلىب بىكلار ئەھلى تۇۋابىئ بىلەن.
قويۇب تەخت كەيدۇردىلەر تاجۇ زەر،
تابوغىندا ئەل باغلىدىلەر كەمەر.
ئەنىڭ ئاتىدا خۇتبەنى تۇزدىلەر،
ئەنىڭ ئاتىدا سەككە كورگۇزدىلەر.
ئەنىڭ دولتى نوبىتىنى چالدىلەر،
ئۇلۇس ئىختىيارىنى ئاڭا سالدىلەر.
ئۇلۇسنى بىلىب تەخت ئۇزرە ئولتورۇب،
ئاتاسى ئورنىدا پادىشالىق سۇرۇب.
ئۇلۇس ئۇزرە سۇلتانلىق ئايىنەنى،
ئەنىڭدەك توزۇب قويدى يەئىنەنى.
كىم ئاندىن ئوكۇن قىلمادى ھېچكىم،
ھەم ئاندىن ئوكۇن بىلمادى ھېچكىم.
ئادالەت بىلە تۇزدى ئانداق ئۇزىن،
ئىككى قىلمادى بىر ئەيتقان سوزىن.
يىتىمۇ پەقىرۇ غېرىبۇ ئەسىر،
تولۇ بىۋە، خۇۋاھى يىگىت، خاھى پىر،
غېنى بولدىلەر خەيرى ئىھسانىدىن،
تەمە قىلمادىلەر كىشى خانىدىن.
ئۇلۇس بولدى خوشھال ئۇنىڭ توريدىن،
كىشى كورمىدى زور ئەنىڭ جەۋرىدىن.
ئۇلۇس ئىچرە پەيۋەستە غەۋغا ئىدى،
تويۇ ئىشۇ ئەيشۇ تاماششا ئىدى.
يوز ئەللىك يىل ئانداق پەلەك گەردىشىن،
كورۇب دولتۇ ئىشرەت ئاسايىشىن.
گولۇستان ۋەسل ئىچرە شاد ئەردىلەر،
فاراغەت ئۇزرە خودمراد ئەردىلەر.

خىيال ئەيلەمەس ئەردىلەر كىم پەلەك،
قىلۇر ئىشرەت ئەييامىنى ئۆزگىرەك.
يىتىب كىلىشى ئىشرەت ئىچرە قۇيۇن،
ئۇچۇرمەككە گۇللەرنى باشلار ئويۇن.

خازان بورجىغە يۈز كەلتورۇر باھار،
قۇيار شاخ گۇللەرنى بىبەرگى بار.
قىلور تىرە تۇن ۋەسىل ئەييامىنى،
ياپار يۈزىگە ھىجرى ئەجەل دامىنى.

**پەرىزادنىڭ فىروز شاھ بىرلە گولۇستاندا ياتىب، سەھەر ئويغانىب چىمەندىن نالە ئىشىتىب، زوھرە دەردىدە بولۇب ئالەمدىن ئۆتكانى**

راۋايەت قىلۇر بۇ سۇپەت پىردون،
كى كوركىم نىچوك كورستۇر ئويۇن.
خازان پەسلىيۇ بەرك رىزان چاغى،
ساۋۇق يەل بىلە سورۇلۇر زان چاغى.
كى شاھ سەرەخىراز ئىلە گولئۇزار،
چىمەن سەھندە بادەئى خۇشكوۋار.
چىكىب بىر بىرى بىلەن ھەم خوۋاب ئىدى،
تاڭ ئاتقۇچە ئۇل كىچە ماھتاب ئىدى.
كى ۋاقتى سەھەر ئەردى سالقىنى،
ئەسىب داردى ماھىنىڭ جالغىنى.
كوزىن سەسكەنىب ئاچسا گولزارىدىن،
كىلور نالەئى زار ھەر سارىدىن.
نەشاخۇ، نە بەرگۇ نە سەھنى چىمەن،
قىلۇر نالەئى زار گايى سىمتەن.
خازان يەتسە بىزگە سەن ئەردىڭ باھار،
سىنىڭ بىرلە ئەردۇك گولۇ گولئۇزار.
سىنىڭ خوشلوغۇڭ بىرلە فىروز شاھ،
قىلۇر ئەردى بۇ سەھنىنى جىلۋىگاھ.
سىنىڭ بىرلە ئالەم گۇلۇستان ئىدى،
سىنىڭ بىرلە فىروز سۇلتان ئىدى.
فىراقىڭ ئۇنى موپتالا قىلغۇسى.
غىرىبۇ ئەسىرۇ گادا قىلغۇسى،
دەرىغاكى بۇ ئالەم بىۋاپا،
قىلور خەستە جانلارغا ئاخىر جاپا.
ئىشتكەن بۇ نالەشنى نازۇك سەنەم،
تۇشۇب جانىغە ۋەھىم ئۇزرە دەردۇ غەم.
ئەنىگدەك توتۇب شەنى پەرياد ئىتىب،
يىقىلدى سولۇب مەگزى ئۇزىدىن كىتىب.

خەبەردار ئولۇب شاھ ئۇنىڭ ھالىدىن،
ۋەلى بىلمەي ئۇل نالەش ئەھۋالىدىن.
نە تورلۇك ئىلاجىكى دەرلەر بارىن،
قىلىب كورمەدى سەھھەتى دىلبەرىن.
تەسەددۇق قىلىب مۇلكىتو مالىنى،
تاپالمادى سەھھەت ھالىنى.
ئۇشۇل بىخود ئولغان بىلە گولئۇزار،
جاھان گولىستانىدىن ئەتتى كانار.
ئۇشۇل ۋەھىم ئىلە زەھرەسى يارىلىب،
قالىب ئەردى تەن روھىدىن ئايرىلىب.
قارارىدى كوزىگە جاھان شاھىنىڭ،
پانا دەردى ياپتى يۈزىن ماھىنىڭ.
فىراق ئوتى ياندى خىرران جانىغە،
خازان يەتتى سەرۋە گۇلىستانىغە.
ياقاسىيۇ كوكسىن قىلىب چاك - چاك،
دەرىن ئەردىكىم قىلغاي ئۆزىنى ھالاك.
ئۇرۇب ئۆزىنى يەرگە پەرياد ئىتىب،
ئۇنۇت بولغان ئوتلارنى بۇنياد ئىتىب.
تاپالمادى ھىچ دەرمانەنى،
نە قىلسە بولۇر تەگرى پەرمانىنى.
خازان يامغۇرىدەك توكۇب ياشنى،
بولۇتتەك قارا قىلدى پوي باشنى.
يۈز ئەللىك يىل ئىچرە خۇدا بەرگەنى،
بولارغە بىر ئوغول بار ئەردى ئەنى.
مەلىك تاجۇ بەخت ئەسرا ئىلتىب ئىدى.
قىزىم ئورنىدا ئولغاي ئۇل دەب ئىدى.
قويۇب ئەردى ئاتىن فەرروخ سۇۋار،
يىگىرمە ياش ئەردىلەر ئۇل شەھرىيار.

ۋەلى بۇ زامانلاردا هازىر ئەمەس،
فىراق ئىچرە كويگۇچى شەرورۇ بەس.
يەنە قىز يوق ئەردى ۋە يانە ئوغۇل،

كى بۇ غەمدە قىلغاي پەرىشان كوڭۇل.
ئەنىڭ بىرلە باهەم بولۇب يىغلىغاي،
بىرى بىرىگە هەمدەم بولۇب يىغلىغاي.

**پەرىلار ئاسماندىن ئاڭلاب كەلىب پەرىزادنىڭ جىنازىسىنى ئېلىب ئۇچقانى،**
**فىروز شاهنىڭ فىراقىدا نالە قىلىب يىغلاغانى ۋە پادشالىقىنى**
**تەرك قىلىب گادالىقنى ئىختىيار قىلغانى**

چۇپاك ئەردى ساندۇق ئارا پاك تىتىب،
سالىب ساندۇق ئاغزىن تۇتوب بىكىتىب.
تۇرۇب ئەردىلار چەرخنىڭ تاقىدىن،
پەلەك سەبەبىدىن كوك ئوراقىدىن.
سيەپوش جەمئى توشۇپ كەلدىلەر،
ياقايىتشىبان فىغان قىلدىلەر.
مەلەك ئەرپلەر يا ئۇلار هور ئىدى،
كىشى كورسە جاندىن ئىلىك يۇۋار ئىدى.
بۇلار بارچە هەسرەت ۋە هەيران باقىب،
تۇرۇب ئەردىلەر زارۇ گەريان باقىب.
بىلالماي ئول جامائە نە خىلدۇر،
كى كوز ياشلارى ئىلە كىم سەلدۇر.
ئىلىب چىقتىلەر كوككە پەرۋاز ئۇرۇب،
باقىب قالدىلەر كوزلەرى تەلمۇرۇب.
فىغان بىرلە شاه يىغلار زارۇ زار،
كىم ئوز خىلىغە ئاقىبەت باردى يار.
نە تەقسىر كەچتىكى بۇ دىلرابا،
مۇنىڭدەك ۋاپاسىزلىق ئەتتى ماڭا.
بىلالمىدىم ئوزۇرنى قولمادىم.
خەبەردار بۇ هالدىن بولمادىم.
گادالىق تەرىقى بىرلە دەر بەدەر،
يۇرۇب ئىستىسەم ئونى شامۇ سەهەر،
تاپىلغايمۇ نامۇ نىشانى ماڭا،

دەي ئالغايمۇ مەن ئوزۇرۇ تەقسىر ئاڭا.
دىدىيۇ گادالىققە قويدى كوڭۇل،
غەمۇ بىناۋالىققە قويدى كوڭۇل.
ئازا خانەدا چىللە ئولتۇرۇب،
چىقىب كەزگەي ئوزگە جاهاننى يۇرۇب.
بۇ يەگلىغ خىيال ئەيلاب ئول شەهرىيار،
بولۇب فۇرقەت ئەندۇهى بىرلە فىكار.
ئوتۇب تەختتىن تاشلىدى تاجۇزەر،
تاكىب غەمۇ قۇردىن بىلىگە كەمەر.
كىيىب ئىگنىگە بىرقارا ئىبسكە شال،
نەهالىن فىراق ئەيلاب ئانداقكى هال.
قىلىب كۇشەئى بەيتەل ئاخرىن ۋەتەن،
فىراق ئوتى بىرلە بولۇب شەئىلە زەن.
كۇيۇب ئورتانىب زار گەريان ئىدى،
ئىشى كۇچى پەريادۇ ئەفغان ئىدى.
ۋىلايەت دىنۇ ئەل ئولۇسىدىن غەمى،
يوق ئەردى ئوزى ئەردىيۇ ماتەمى.
ئولۇستىن خوشانلىق بولۇب بىرتەر ب،
بارۇر بولدىلەر تارقىشىب هەرتەرەب.
قويلار زابۇنلارغە بىداد ئىتىب،
يورۇر بولدىلەر ئاه پەرياد ئىتىب.
ۋىلايەت ئىشى قالدى بىرەبىت ئولۇب،
ئولوسنىڭ باشى غەم بىرلە ئۇيرۇلۇب.

**خەلق كەلىب فىروز رايغە پادشا نە ئۇچۇن مۇنداق قىلادۇر؟**
**خەلق چايقالىبدۇر، خەلق هالىن پادشاغە ئەرز قىل**
**دەب ئۇنى مەلىككە ئىبەرگانلارى**

چۇ تۇشتى بۇ هالەت خالايىق ئارا
يىغلىب ئولۇغۇ كىچىك بىنەۋا.

كەلىب باردى فىروزراي ئالدا،
سالىب سەئىيۇ تەدبىرۇ راي ئالدا.

دىدىلەركى ئى شاھ غەمخۇۋارەسى،
دۇئاسى سەن بۇ ئىشنىڭ نىدۇر چارەسى.
ئۇلۇس قالدى بىسەر جاھان چايقالىب،
تامام ئەل بۇزوقلۇققە كوڭلىن سالىب.
كىرىب شاھ ئالىندا ئەرز ئەيلەگىل،
يامەن - ياخشى ھەرسارىدىن سوزلەگىل.

كىم ئادەم ئاتا چاغىدىن تا بۇ دەم،
كىم ئولغان ئەمەس ئادىمىدىن بۇ غەم.
توغۇپتور بارى ئادەم ئولمەك ئۇچۇن،
ئولۇم زاھىر ئولغان ئەمەستۇر بۇگۇن.
ئولۇم باردۇرۇر تا جاھان باردۇرۇر،
فىراقۇ بۇ ئاھۇ فىغان باردۇرۇر.

## فىروزراي فىروزشاھغە بارىب خەلقىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېيتىب نەسىھەت قىلغانى، ھىچ بولمىسا پادىشالىق ساڭا كىرەكمەس بولسە ئۇنى ئوغلۇڭ فەررۇخسۇۋارغە بىرەلى دەپ ئەيدگانى

قوپۇب بارىسە شاھ ئالدىغە نىكىخۇۋاھ،
غەمىن ئولتورۇپتۇر چىكىب دەردۇ ئاھ.
كىرىب تۇردى چۇن كوردى شاھ جاھان،
دىدى ئولتۇراي مۇھەررەم مىھرىبان.
دىگىل كىم پۇتەرمۇ يۇرەك يارەسى.
بولۇرمۇ فىراق ئوتىنىڭ چارەسى.
فىراق ئوتى بىرلە تۇتاشتىم تامام،
بۇ غەم بىرلە تولدۇرمۇ تاشتىم تامام.
دىدى ئاڭا فىروز كايىما شەھرىيار،
بىنايى جاھان تا تاپىپدۇر قارار.
بۇ دەردۇ فىراقۇ بۇ ئەندۇۋۇ غەم،
بۇ سوزۇ گەدازۇ بۇ ئوتۇ ئەلەم،
جاھان ئەھلىدىن خالى بولغان ئەمەس،
سىنىڭ جانىڭ ھالى بولغان ئەمەس.
ئاتالار ئانالار قايان باردىلار،
بىرى بىرىگە ئەيلەب فىغان باردىلار.
بارىمىزغە داغى بارار يول بۇدۇر،
بارى ئالەم ئەھلىغە ھال ئوشبۇدۇر.
تەھەممۇل كېرەك تەگرى پەرمانىغە،
رىزا بەرمەك كېرەك ئۇنىڭ بويرۇغانىغە.
خۇدا بەندە ئىنى قىلۇر پادىشاھ،
كى بولغاي خالايىققە پۇشتى پاناھ.
قويلار زابۇنلارغە كوچ قىلمىغاي،
كوڭۇللەرنى بىر بىرىگە ئوچ قىلماغاي.
خالايىق ئىچىندە تەپاك ئولمىغاي،
بىر بىرىدىن ئول يىراق ئولمىغاي.
ساڭا تۇشكەلى بۇ فىراقۇ بۇ غەم،
تىگىبدۇر ئۇلۇسىغە بىغايەت ئەلەم.
قويۇبدۇر بۇزۇغلۇقغە يۇز بارچە ئەل،
تاڭىبدۇر پاراكەندە بولماققە بەل.
زەبۇنلارغە كوچلۇقلارى زور ئىتىب،
يۇرۇرلەر ئىشىكدىن ئىشىككە يىتىپ.
سورۇب ھوزورىغە كىمسە يەتمايدۇرۇر،
كىشى كىشى سوزىن ئىشتمەي دۇرۇر.
قىيامەتنى سەندىن سورالارمۇ،
سەنەندى قىلماغىل بۇ غەمۇ قايغۇ.
قالىب بىسەر ئەل كورماسۇن زولۇمۇ زور،
پەلەك سالماسۇن ناكى ئاشۇبۇ شور.
چىقىب دولىتۇ تەختىڭ ئۇستىدە بول،
ھەمۇل ئىلە بەختىڭ ئۇستىدە بول.
ئاتاڭدىن ئاتاڭغە يىتىب تا بۇ دەم،
تىگىب ساڭا بۇ دولىتۇ مولكۇ جەم.
قالىب ئەردى گەر تەرك ئىتار ھەم ئىسەڭ،
ماڭا شاھلىق ئەمدى كېرەكمەس دىسەڭ.
مەلىك زادە پەررۇخسوۋارىڭغە بەر،
يىتىلدى ئىكىن ئەمدى ئۇل داغى ئەر.
پەرىزاد قىزلار بىرلەن نازىنىن،
ئاچىب جەددىجە ھەد ئوزرە بالۇ پەرىن.
راۋان شەھرۇ زەررىنغە يەتسۇن بارىب،
بۇ ۋاقىئەنى ئاندا ئەيتسۇن بارىب.

مەلىك زادە فەرروخنى ئەلىب كىلىب،
ئۆز ئورنوڭدا سەن ئانى سۇلتان قىلىب.
نە ئىشكە رەجۇ ئەيتساڭ ئى شەھرىيار،
ساڭا ئاندادۇر ھەر نىچۇك ئىختىيار.
يوق ئەرسە ئۇلۇسنى بۇ يەڭلىغ خاراب،
قويۇب ئۆزگە ئىش قىلماق ئەمەس ساۋاب.

ئۇلارغا ئەگەرچە ئايانىدۇر بۇ ئىش،
ۋە لېكىن كېرەكدۇر بۇ ياندىن بارىش.
پەرىزادنىڭ ھەم بىلىپ ھالەتىن،
كىلۇر قايىدادۇر ھەم كوروپ تەربىيەتىن.
پەرىلار ئالدىكىم ئېلىپ كەتتىلەر،
ئالىپ بارىپ ئول يەردە دەفىن ئەتتىلەر.

## فىروز شاھغە فىروزرايىنىڭ مەسلىھەتى خوش كېلىپ نازىنىنغە پەرى قىزلارنى قوشۇپ يىبارگانى

بۇ سوزلەر كىلىپ شاھغە بىسيار خوش،
دىدى كەلسون ئول نازىنىن ئول ماھىۋۇش.
كىلىپ نازىنىن شاھ ئاياغىغە زار،
توشۇپ يۈزۈ كوكسىنى ئەيلەپ فىگار.
قىلىپ شاھ يەنە پارە - پارە ئۆزىن،
فىغان ئەيلادى يەرگە سۈرتۈپ يۈزىن.
كى تاش ئولسە ئولدەم يارىلغاي ئىدى،
ئۇلار ھالىغە نالە قىلغاي ئىدى.
دىدى شاھكىم ئى نازىنىن گۇلئۇزار،
ئەنىڭدەك فىراق ئوتىدا بەقارار.
بولۇب مەن تەخت نە تاجۇ كەمەر،
نە شەھەرۇ نە خەلقۇ نەسىمۇ نەزەر.
بارىدىن كېچىپمەن جاھاندىن ئۆتۈب،
ئەمدى مەن گادالىق تەرىقىن تۇتۇب.
ئەنىڭ بىرلە ئەردى مېنىڭ شاھلىغىم،
شايى بولمىدى ئاڭا ھەمرالىغىم.
بارىب ئەمدى شاھ تاجۇ تەخت ئالىدا،
ھەم ئول ماھرۇيىنىڭ بەخت ئالىدا.
بۇ ۋاقىئەنى ھەم بەندىنىڭ ھالىنى،
پەرىلار ئالىب ئۇچقان ئەھۋالىنى.
قىلىب ئەرزۇ مەلۇم ئىتىب كەل ماڭا،
بۇلارنى بىلىبان يىتىپ كەل ماڭا.
ئەگەر گۇلئۇزارىمنى ئىتىب ئۇلار،
مۇقامىنى ئۆز شەھرىدە قىلسالار.
يىتىب مەنزىلىگە سالامىم يەتكۇر،
دىگىل يارلىغ رەسمى مۇنداقمۇدۇر.
كى مۇنداق مېنى زارۇ ئەپكار ئىتىب،

فىراق ئوتى بىرلە گىرىفتار ئىتىب.
ۋاپاسىزلار ئاينەنى تۇتقايسەن،
فىراقىڭ بالاسىدا قان يۇتقايسەن.
ئەگەر بولسە مەقدۇرۇڭ ئى جان دىگىل،
مېنى ھەم ئۆزۈڭ بىرلە دەمساز قىل.
فىراق ئىلكىدە مۇپتالا قويماغىل،
بۇ يەڭلىغ سىرۇ گادا قويماغىل.
سېنى بىر زامان كورمسام ئەردى ئاھ،
بولۇر ئەردى ئالەم كوزۇم سىياھ.
دەر ئەردىم جۇدا بولسام ئولكۇن دۇرۇر،
ئۆرۈب تىغ باغرىمنى بولگۇم دۇرۇر.
نەچە كۇندۇرۇر سەندىن ئايرىلغالى،
فىراق ئوتى جانىمغە ياقىلغالى.
ئەگەرچە فىراقىڭدا بولدۇم كاۋاب،
ئولەي دەپ ئولالمىدىم ھېچباب.
كىشى دەردۇ غەم بىرلەن ئولمەس ئىمىش،
بالا ۋە ئەلەم بىرلە ئولمەس ئىمىش.
بۇ يەڭلىغ بارى ھالىتىن ئەرز ئىتىپ،
بالا ۋە غەمۇ مېھنەتىن ئەرز ئىتىپ.
ئەيلادى شوخىنى شەھرىيار راۋان،
پەرى قىزلاردىن قوشۇب ھەر زامان.
مەلىكزادە فەروخنى فىروزراي،
دىدى ئى ئاياغىڭغە دىدەمدە جاي.
ئېلىب كەل كەل ئەلبەتتە بۇ شەھرىيار،
ئوتۇپتۇر تۇتۇب مەملىكەتىن كانار.
ئولۇس ئۆزرە بولسۇن كېلىب شادۇ ئول،
ئىرۇر شاھغە داغى دىلخۇۋاھى ئول.

## نازنىن شەھرى زەررىنغە يېتىپ شاھ تاجۇ بەخت بىرلە ماھرۇيغە كوڭۇل ئەيتغانى ۋە نازنىننى كورۇپ شاھ، ماھرۇي ۋە فەررۇخسۇۋار-نىڭ يېڭىۋاشتىن ھازا تۇتغانى

راۋان بولدى چۇ نازنىن ئۇلپەرى،
ئاچىلدى ھاۋا ئۇزرە بالۇ پەرى.
يۇرۇب شەھرى زەررىنغە يەتسە راۋان،
ئېرۇر بارچە شەھەر ئەھلى پىرۇ جۇۋان.
سيەپۇش باشىدىن ئاياققاچە پاك،
دىل ئەپكار ئاشفتە سىنە چاك.
بىراۋدىن سۇئال ئەتتى ئى نىكمەرد،
بۇ يەڭلىغ نىدىندۇر بۇ ئەھۋالى دەرد.
دىدى بولدى بىر ھەفتە كىم ناز بوي،
جاھان ئەھلىدىن باغلامىش گۇپتەگوي.
ئەلىب كەلتۇرۇبان ياراغ ئەتتىلار،
ئارام گۇلشىنىگە ئالىب كەتتىلار.
كىم ئول گۇلشەن ئەردى ئەنىڭ مەنزىلى،
ھاياتىدا ئەردى ئەنىڭ مايىلى.
قويۇپ ئاندا ئىلتىب بولۇب دىلفكار،
بۇگۇن كەلمىش ئاندىن يانىب شەھرىيار.

بارى ئىلگە ماتەم بۇ غەمدىن دۇرۇر،
سىياپوش ئۇلۇس بۇ ئالەمدىن تۇرۇر.
مۇنى قىلدى مەلۇم ئول پەرى،
كىلىب مۇندا بولمىش ماقام ئول يەرى.
كىلىب ماھرۇي نازنىن ئالىدا،
توشۇب يەرگە ئانداغكى كوي ئالىدا.
يۇزىنى سۇرۇپ يەرگە پەرياد ئىتىب،
كورۇب ماھرۇي ئانى ئۇزىدىن كىتىب.
كىلىب شاھ كوكسىن قىلىب چاك-چاك،
بولۇب ئالەم ئول غۇسسەدىن دەردناك.
ئۇرۇب تاجىنى يەرگە فەرۇخسۇۋار،
كى قانى ئانام ناز بوي گۇلئۇزار.
بۇ غەمدىن بارى خەلق نالان بولۇب،
ئۇلۇغ-كىچىك بارچە گىريان بولۇب.
يەنە يېڭى باشتىن ئازا تۇتتىلار،
ئازا غۇسسەسى بىرلە قان يۇتتىلار.

## نازنىن تاجۇ بەخت ئالىدا فىروز شاھنىڭ ئەرزۇ ھالىن ئېيتىب فەرروخ سۇۋارنى خەلق تىلاگىن ھەم ئەرز قىلىب، شاھ تاجۇ بەختكە ماقۇل كىلىب قوبۇل قىلغانى

چۇ خەتمى ئۇلدىيۇ ئەل دۇئا قىلدىلەر،
بىرىب خەتمە ئېشنى ئادا قىلدىلەر.
قۇپۇب نازنىن شاھ فىروز شاھ،
غەمۇ ھالىتىن تارتىبان ئۇتلۇق ئاھ.
ئۇتۇب تەختىدىن تاجىنى سالغانىن،
گادا قورچاغىن باشىغە چالغانىن.
كىيىب ئېگنىگە بىر قارا ئەسكى شال،
تەقى قىلغانىن دەربەدەرلىك خىيال.
ئۇلۇس چايقالىب جەمئەت بىر تەرەپ،
بولۇبان بارىدۇرغانىن ھەر تەرەپ.
تىگىب كۇچسىز ئەلگە قەۋىلار كۇچى،

ئىشىكتىن ئىشىككە يېتىپ سورغۇچى.
تاپالمايىن زار بولغانلارىن،
ئۇلۇس زار ۋە ئەپكار بولغانلارىن.
كورۇب مەسلىھەت شاھ يۇكلەگىنىن،
مەلىك زادەنى ئەل تەلەب قىلغانىن.
چۇ غەرەز ئەتتى ئەرسە دىدى راستدۇر،
نە چارە نە كىم تەڭرىگە خاسدۇر.
دەب ئەردىم قىزىم ئورنىدا بولغاي ئول،
قۇۋانغاي ئەنىڭ بىرلە جانۇ كوڭۇل.
ئانى كورسەم ئەلەمدە دەب ناز بوي،
قىلۇر ئەردىم ئانىڭ بىرلە گوپتاگوي.

ئۇل ئەردى ماڭا جانۇ دىل مۇنىسى،
كىلۇر ئەردى ئاندىن قىزىمنىڭ ئىسى.
مۇنى دەب ئانى گەرى بارماي دىسەم،
ئۇزۇمنىڭ بۇ ھالى ئۇچۇن غەم يىسەم.
ئاڭا تاكى ئادەم دەمىدىن بۇ دەم،
يىتە كەلگەن مەلىكۇ خىلۇ ھەشەم.

پەرىزادەلىككە يۈز ئۇيرۇب تامام،
يەنە بىر چىقىپ كورسەتىب ئىھتىمام.
ئەھلۇ مەلىك ئىلىكدىن چىقىپ بىر يولى،
قۇرۇق قالمىغاي بۇ مەلىك لەر قولى.
ئەلىب بار مەلىك زادە پەررۇخنى پات،
خۇدا قايدا كىم بولسا تۇتسۇن ھايات.

## فەررۇخسۋارغە رۇخسەت بولۇب شەھرى سەمەنگە كىلىب پادىشالىقنى ئالگانى

چۇ رۇخسەت بىرىپ شاھ يارانى قىلىب،
ئىجازەت لاشىب يىغلاشىب ئايرىلىب.
راۋان بولدىلەر نازىنىن مەلىك،
ھاۋا ئۇزرە ئەلىب ئىلىكدىن ئىلىك.
راۋان شەھرى سەمەنغە يەتكۇزدىلەر،
چۇ شەھەر ئەھلى شەھەرزادەنى كوردىلەر.
سۆيۈندىلەر ئانداغكى جان سوزەندىن.
يىتەر جان نىچۇك كىم باھارىن چۇمەن دىن،
كورۇب ئوغلىنى يىغلادى شەھرىيار،
كىم ئى غۇنچەئى نۇرەس يادىكار.
ۋۇجۇدۇڭ گۇلىنىڭ باھارى قانى،
بۇ مىسكىن ئاتاڭ غەمگۇزارى قانى؟
قانى لەززەت بادەئى ئىشرەتىم،

قانى بائىسۇ جامۇ جەمشىتىم.
بۇ ھىجىر ئوتىدىن ئىلە ھالەتتە مەن،
جاھان خوشلۇغىدىن مالالەتتە مەن.
مونۇ تەختۇ تاجۇ ۋىلايەت سىنىڭ،
بارى خەلقۇ شەھرۇ رەئايەت سىنىڭ.
نە قىلساڭ سىنىڭ ئىختىيارىڭ بولۇر،
يامان ياخشى سىنىڭ شۇئارىڭ بولۇر.
مۇنۇ پادىشالىقنى بەردىم ساڭا،
مۇئەتتەل باقىب تۇرۇب ئەردىم ساڭا.
بىرىب تەختۇ تاج سۇلتانلىغىن،
ئوزىگە راۋا كوردى ۋەيرانلىغىن.
كىيىب تاجۇ تەختىم ئۇزرە قىزىم سۇۋار،
چىقىب ئولتۇرۇب خەلق تاپتى قارار.

## فىروز شاھ فەررۇخ سۇۋارنى تەختكە ئولتارغۇزۇب پادىشالىق تور ۋە تەرتىقىسىن تەلىم بىرىب ئاۋغە ئەلىب ئاتلانغانى، ئۇل گۇلۇستان ئارامىغە راھبەر بولغان ئوشول كىيىككىم يەنە ئوچراغانى

چۇ شاھ ئوغلىنى قىلدى مۇسنەد نەشىن،
بىللە ئولتۇرۇب ئۇل شاھ مەلىكودىن.
بارى بەكلارى چىركاسىن كورسەتىب،
بارى رەسمۇ ئايىنلارىن ئورگەتىب.
بىرۇر ئەردى ھەرلەھزى تەلىمى شاھ،
نىكەم شاھلىغىدا ئىبرۇر رەسمۇ راھ.
دىدى بىر كۇن ئاۋغە قىلغىل ئەمرى جار،
چىقسۇن يىغىلىب سىغارۇ كىبار.

چىرىكنىڭ تۇزۇكىنى ئاۋ بىلدۇرۇر،
تۇزۇكۇ بۇزۇغىنى ئاۋ بىلدۇرۇر.
ئەنىڭ ئۇچۇن ئاۋنى قىلۇر شاھلەر.
كى بولغاي چىرىك ھالىدىن باخەبەر.
تاپىپ جار بەرچە سىغارۇ كىبار،
چىقىب ئاتلانىب شاد خوررام سۇۋار.
يىغىلىب ئەل ئۇل مەنزىلگە تامام،
قىلىب ئوزى فىروز شاھ ئىھتىمام.

ئوتۇ باشلانىب هەرسارى بەگلارىن،
سوگچە يانا چىركالىك دەكلارىن.
يىبارديۇ تۇتتۇردى توختالىكىم،
ئارادىن كىيىكنى بەهەر هالى كىم.
چىقارسا گۇناكار بولسۇن ئوزىن،
ئولار جەزم زىنهار بىلسۇن ئوزىن.

بۇ يەكلىغ قىلىب هوكۇم ئىلىشىپ دەررۇ،
ئوتۇب هەر ئىككى تەرەب دىن كىلىب روبىرو،
ئارادا قىلىب يۇز تۇمەن جانۋار،
سورۇلۇب تۇرۇب ئەردىلەر كىم مەككار.
بىرى ئايرىلىب كىلىب ئاندىن ژاۋان،
ئوتۇرگە شاھ ئالدىن ئولدى راۋان.

## فىروز شاھ ئول كىيىكنى تونۇب يەنى سوگىچە بارىب گولىستان ئەرەمغە يىتىب، كوشكىنى قىرا هىلە بىلە ياپىغلىق كورۇب زىنەپايەسىن هەم قوپاراغلىق كورۇب هەيران بولغانى

تابىندى شاھ ئەنى دىدى ئى جانىۋار،
سەن ئەردىكمۇ مەقسۇدۇم رەهبەر.
سەن ئىلتىب مىنى گولئوزارىم بىلە،
قىلىب ئەردىك ئاسۇدە يارىم بىلە.
سەن ئىلتىب مىنى گۇلىستان ئەرەم،
بولۇب ئەردى گولچىهرە يارىم پەهەم.
سىنىڭ پەرۋىيىڭ بىرلە بەهۇ بۇدۇم،
سىنىڭ مۇقەددىمىڭ بىرلە مەقسۇدۇم.
يىتىب ئەردىم ئەمدى داغى جان بىلە،
ئىزىنچە باراي چەشمە گەريان بىلە.
دىبان ئول كىيىك يول ئەچىپ بىرىب،
راۋان بولدى ئەنىڭ سوگىغە كىرىب.
مەلىك زادە ۋە ئەل بولۇب ئاۋغە كىرەم،
كىيىك ئاتماق ئوزرە نىكو دوغە كورەم.
ئەمەس ئەردىلەر قازا ۋە ئاندىن كى شاھ،
كىيىكنىڭ سوگىغە كىرىب تۇتتى راھ.
كىيىك باشلاب ئانداق ئەلىب كەلدى راست،
ئەرەم گولشىنگە كىم ئول ئەردى خاست.
كورۇب ئۇنى قىلىب ئولدى ئىزتىراب،
تۇشۇب خەستە جانىغە يۇز پىچ تاب.
قەدەم زىمنىپاغە قويۇب چىقسە شاھ،

كوزىن بىدار ئاققىزىب ياشىن، تارتىب ئاھ.
مۇئەييەن تۇرۇپتۇر ئۇ شۇل گۇلۇستان،
بارسا كوزىگە كورۇنۇب ئايان.
ئاچىلىب گۇلۇ لالە سەبزە زار،
تۇرۇبتۇر يىرىدا بارى بەرقارار.
چىكىب قەد سەرۋە رەئنالارى،
ئۇ شۇل مەنزىلۇ جاي مەئۋالارى.
ۋەلى ئول جامائەتكىم ئاندا بىلە،
بولۇب ئەردىلەر ئول چىمەندە بىلە.
بىرىدىن ئەمەس ئەردى پەيدا ئەسەر،
كوزدىن ئاقىب سەل خۇن جىگەر.
راۋاق ئالىغە بارسا باشتىن ئاياق،
قارا هىللە بىللە يەپىغلىق راۋاق.
چىقار زىنەپايەسىن بىر كىتىب،
قوپارغان تامى بىرلە هەمۋار ئىتىب.
قويۇبدۇرلارۇ هىچ جاندىن ئەسەر،
كورۇنمەي دۇرۇر كىم كىشى بى خەبەر.
سوراب بىلگەيكى ئاندىن مەھ پارەسى،
مازارىغە كىرمەكنىڭ نە چارەسى.
نىچۇكتۇر قايدىن كىرىب زار - زار،
مازارىن قۇچۇب يىغلىغاي شەهرىيار

**فىروز شاھ گۇلىستان ئەرەمنى كېزىپ كورۇپ پەرىزات بىلە يورگەن، ئولتۇرغان، قوپقان جاي-مەنزىللارنى كورۇپ ياقالارنى چاك قىلىپ، گاھى بىخۇد، گاھى ھۇشيار بولۇپ دىۋانىلاردەك كوشىك ئەسكىگە كىلىپ، مېنى ھەم پەرىزاتغە قوش دەب نالان بولۇپ مۇناجات قىلغانى، ھەقتائالا ھەم ئۇنىڭ مىرادىچە كوشىك پەردىسىن ئاچىپ ئىلىك چىقىپ، فىروز شاھنى ئەلىپ بارغانى**

پەرىزاتلاردىن مەجاۋەرلارى،
تاپىلغايمۇ دەب كوز سالىب ھەر سارى.
كېزىپ جايۇ، مەنزىللارنى كورۇپ،
قىلىب نالە ھەر يەردە بىر دەم تۇرۇپ.
نەسەبزۇ گۇلۇ لالەزار ئالىدا،
يۇرۇپ يا تۇرۇپ ئەردى يار ئالىدا.
نى سەبزە ئۇزرە ئولتۇرۇب جامۇ ۋەھىل،
چىكىب ئەردىلەر بەزمۇ ئەييام ۋەسل.
نە ئەرىغ ياقاسىندا بىر ئولتۇرۇب،
قوپۇب ئەردىلەر بەزمەنى تورۇب.
نە مەنزىلدە سەرمەست باھەمە ياتىب،
قوپۇپ ئەردىلەر بىر بىرىن ئويغاتىب.
بىرەر بىرەر ئانى كورۇب ياد ئىتىب،
ئۇزىنى ئورۇب يەرگە پەرياد ئىتىب.
يۇرگەن يەردە يۇزىنى سۇرۇب،
بىلە بولغان ئۇزىنى يالغۇز كورۇب.
قىلۇر ئەردى ھەرلەھەز كۇلسە نە چاك،
ئۇرۇب يەرگە ئۇزىن ساچىب باشقا خاك.
گاھى نالە ئەيلەب گاھى ئاھ ئورۇب،
يالاڭ باش ياقا چاكۇ گەريان يۇرۇب.
گاھى ئۇزدە، گاھى ئۇزدىن كېتىب،
تۇرۇب تەلبەلەر كەبى پەرياد ئىتىب.
قەھەممول قىلالماي ھىچ نەۋئى،
ئۇزىنى بىلەلمەيىن ھىچ نەۋئى.
راۋاق ئاستانىغە ئاخىر كەزار،

كىلىب بولدى نالان كىم ئى بىروبار.
مېنى بۇ بالادا راۋا كورمەگىل،
فىراق ئوتىغە مۇپتالا كورمەگىل.
كويۇب قالمىدى ھىچ ھالىم مېنىڭ،
يانا ئورتانۇرغە مەجالىم مېنىڭ.
ھاياتىمدىن ئەسرۇ مالالەتتە مەن،
تىرىگلىكنى نىلەي بۇ ھالەتتە مەن.
تىرىگلىكنى ئىستەر كىشى جان ئۇچۇن،
تىلار جاننى ھەم كىشى جانان ئۇچۇن.
ھەزىن جاننى جاناندىن ئايرۇ نىتەي،
قۇرۇق جىسمنى جاندىن ئايرۇ نىتەي.
ئىنايەت قىل ئى قادىر با كەرەم،
كى بىر پەردىدە يار بىرلە بەھەم.
بولاي داغى كورمەي جاھان مېھنەتىن،
يامان فورقەت ئىچرە غەمۇ ھەسرەتىن.
چۇ مۇنداق تەزەررۇدا نالان بولۇب،
كوزۇ كوڭلى گەريانۇ بەريان بولۇب.
تەلەب ياشى يەرگە قۇيدى ئىسە
تەزەررۇ ئوتى بىرلە كويدى ئىسە.
ئىجابەت ئىشىكنى ئاچىب بىرۇبار،
ئالىب پەردىنى ئورتىدىن پەردىدار.
چىقىب پەردىدىن بىر ئىلىك شاھنى،
ئىلىب باردى ئۇزىگە ھەمراھنى.
كىشى بىلمەدىكىم قايان باردىلەر،
قويۇب خالى جايۇ ماكان باردىلەر.

**ۋە يانا راباتنىڭ يولىدىن ھەمىشە ئالەم ئەھلى تىنماي ئۆتمەكىدىن ۋە قايان بارۇرلارىن بىلمەستىن ۋە ھونەرلەرىدىن خەبەردار ئېرمەستىن ۋە بۇ تۇئەنىب ئول بولماستىن ھەيرەتتە ئالغانى، ئەھلى ئاجىزنىڭ مۇناجات قىلىب سوزلەگەنى**

بىنا بولغانى بۇ رابات جاھان،
ئۆتەرلەر كىلىب تىنمايىن كارىۋان.
بىرىسى خەبەردار ئىمەسكىم قايان،
بارۇرلار نە يولۇ نە مەنزىل ئايان.
بىرىنى بىرىنىڭ سوگىچە دەمبۇ دەم،

ئەزىمەت قىلىبان بولۇرلار ئەرەم.
خەبەردار ئەمەس ھىچ ئۇلاردىن كىشى،
كى نە بولدى ئەركىن ئۇلارنىڭ ئىشى.
تۈمەن مىڭ بىرىب بىرى يانمايدۇ،
بارىب ئول تولۇب بۇ تۈگەنمەيدۇ.

**قايىل شىكەستە ئوزىگە نادامەت قىلغانى كىم ھەردەم ۋاقىت ۋە سائەتىكىم ئول ۋاقىت ۋە سائەت ئوتمەس، ئومرۇڭ ئوتادۇر دەب ئىزتىراپتا بولغانى**

ئايازا ئەجىب غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ،
كى سەن خوۋاھى بىدار، خوۋاھى ئۇيۇ.
سەمەنىد ھاياتىڭ ئەزىمەتتەدۇر،
نىكەم ھاسىل نەقدىڭ ئول ئاتتەدۇر.
باردۇر تىنمايۇ نەچە مەنزىل قالۇر،
ئۆتەرسەنۇ غەپلەتتە ھاسىل قالۇر.
نە ۋاقتۇ نە سائەتكى سەندىن بۇگۇن،
ئۆتەر ئۇمۇر ئىرۇر ئول ئەمەستۇر ئۇ كۇن.
يوق ئەرسە ئۇ شول ۋاقىت سائەت تۇرۇر،
كىم ئاي يىلۇ ھەر كۇنۇ- تۇن يۇرۇر.

ئۆتەردەك كورۇنەر ساڭا ئول ۋەلى،
يۇرۇرلەر جاھاندىن سىنى سورغالى.
قانى سورماسا يارو يارانلارىڭ،
ئاتا ۋە ئانا جەمى توققانلارىڭ.
ئۇلارنى سۇرۇب ئۆتكەرىب نوبەتىن،
ساڭا يەتكۇرۇپتۇركى بىر پۇرسەتىن.
تاپىب سورغاي ئەمدى سىنى ھەم راۋان،
يۇرۇرلەرىڭدە بولۇبان داۋان.
چۇ مۇنداق تورۇب قەسد ئوزە ئالەمى،
ئۆتەردىن كەزەرمۇ قىلۇر ئادەمى.

**قايىل شىكەستە ھەزرىتى رىسالەتىنىڭ ۋە يارانلارىنىڭ ھورمەتىن شەفى كەلتۇرۇب ھەزرىتى پەرۋەردىگارغە مۇناجات قىلا سوزلەگەنى**

ئىلاھا ھەبىبىڭ ھەققى ھورمەتى،
تەقى تورت يارىكى ھەم سوھبەتى.
ئىرۇرلەر ئۇلارنىڭ تىفلى ئۇچۇن،
تەقى ئالۇ ئەسھابى خىلى ئۇچۇن.
بۇ ئاسىيۇ مۇھەررەمكى دەرماندادۇر،
باشىدىن ئاياق بەھرى ئىسياندادۇر.
دەمى خالى ئەرمەس گىنە ئەتمەيىن،

ئەمەل نامى سىنى سىيا ئەتمەيىن.
ئىنايەت قىلىب تارتىب ئول ۋەرتتىن،
سالىب كوڭلىگە زەۋق ئىلە شەۋق ئوتىن.
قىلىب ئوز تەرىقەگىدىن ئاگاھ ئانى،
گۇنا يولىدا قويما گومراھ ئانى.
ھاياتىدا جانىنى ئاگاھ قىل،
بارۇرىندا ئىمانىنى ھەمرا قىل.

## داستان تامام بولۇب ئەڭا جاھاننامە ئات بولغانی ۋە تاریخ فوروخەندە بولغانی

کەل ئی مونشە ئىی تەبىئ روشەن نەھاد،
قىلۇرمەن جاھاننامەدىن خەیربیاد.
کوکۇل لەۋھىدىن دەفی ئىتىب غۇسسەنی،
قىلۇرمەن تامام ئەمدی بۇ قىسسەنی.
بۇ ئول قىسسە ئەردىکىم ئول ھەم نەشىن،
قىلىب ئەردی کوکلۇمنی کورگەچ ھەزىن.
مۇۋاپىق کورۇب ئانی ئوز ھالىمە،
مۇناسىب کورۇنۇب ئوز ئەھۋالىمە.
خىیال ئەیلىدىم ئەرسە تەقەررىب ئىلە،
بۇ چاغلىق ھىکایەت تەرتىب ئىلە.
تىزىلدی کىلىب نەزمە سۇلکىن تۇتۇب،
تامام ئولدی بۇنیادىدىن یىل ئوتۇب.
ئەنىڭ ئوچۇن ئانداغکی دوۋران غەمی.
سالۇر ئەردی ھەر ساری ھەر بىر دەمی.
کوکۇل جەمی ئەرمەس ئەردی ئەییامدىن،
کی نۇش ئەیلەسام ئەردی بۇ جامدىن.
تاپىب خىلۋەتی گاھۇ بىگاھدا،
کىچەلەردە ئەکسەر سەھەرگاھدا.
بولۇب پۇرسەتىم گاھی پىشۇ ئونار،
خىیال ئىتتىم ئولغایدىبان یادکار.
یىل ئات ئەردی ماچىن تارىخىدا،
رەجەب ئاي فۇرخەندە تارىخىدا.
تۇگەتتىم جاھان مىھنەتی غۇسسەسىن،
قىلىب نەزمە بىر داستان قىسسەسىن.
جاھاننامە قویدۇم ئانىڭ ئاتىنی،
دىدىم چۇن ئۇنىڭ ھالۇ ھالاتىنی.
مەشەۋۋەش ئىدی کوکلۇم ئول ھالدىن،
چۇ ئەیتۇر ئەردىم ئوتکەن ئەھۋالدىن.
سوزومدە قۇسۇری بولوب بىلسەلەر،
کەرەم ئەیلەپ ئەسلاھىنی قىلسەلەر.
سالاھ ئىچرە سالىم توتۇب مۇتتەسىل،
نەبی روھی ئولغاي ئولاردىن بەھىل.

### لۇغەت

#### ئا

| | |
|---|---|
| ئاشۇفتە | پاراکەندە، پەرىشان |
| ئاسار | خەۋەر، ئۇچۇر، ئالامەت |
| ئافاق | ئۇستۇن |
| یەئنە | قائىدە - یوسۇن |

#### ب

| | |
|---|---|
| بىرون | تاشقىری، سىرت |
| بال | قانات |
| بىھەمدىللا | خۇداغا شۇکری |
| با | بىلەن |

| | |
|---|---|
| بۇتۇر | بۇ قېتىم |
| بەرگەزىدە | تاللانغان |
| بەرھەم | ئارىلىشىپ كېتىش |
| بەزور | كۈچ بىلەن |
| بەد خۇۋاھ | يامان نىيەتلىك |
| بەسار | كوڭۇلدە كورۇش، كورۇش |
| بۇنياد | ئاساس، ھۇل، سەۋەپ |
| بىيەك | بىر، بىر قېتىم، بىر مەررە |
| بىسەر | باشسىز، باشلىقسىز |
| بودى | بولغان ئىدى |
| بىگزەند | تاللانمىغان |
| بەگىلە | نارازىلىق بىلەن |
| بەھبۇدۇم | بارلىغىم |

ت

| | |
|---|---|
| تەقى | تېخى، يەنە |
| تابۇغى | ئايىغى ئاستى، بوسۇغىسى |
| تەپلىك | سەۋىبىك، تۇپەيلىك |
| تەبۇقچى | تاۋاقچى |
| توپقال | كوپچىلىك |
| تەپەررۇج | ساياھەت قىلىش |
| تەقەررۇب | يېقىنلاشماقنى ئىزلەش |
| تەسلەم | بويسۇنغان |
| تەرانشى | تاراشلىغۇچى، تاراشلىغان |
| تەفەھھىز | ئويلاپ كورۇش |
| تۇند | ئاچچىق، تەنتەك، ئالدىراڭغۇ، توسۇن |
| تىشە | كەكە، پالتا |

چ

| | |
|---|---|
| چابۇك | چاققان، تېز |
| چۇمچە | چۇمۇچ |

خ

| | |
|---|---|
| خەس | ئەخلەت |

| | |
|---|---|
| خازان | كۇز پەسلى، غازاڭ |
| خاكدان | ئىستىقامەت ئورنى |
| خۇنابە | قانلىق، قانغا ئارىلاشقان |
| خىشان | ئۇرۇق تۇققانلار |
| خالىق | ياراتقۇچى |
| خەير | ياخشىلىق |
| خۇد | ئوزى، پەقەت، يالغۇز |

د

| | |
|---|---|
| دۇرۇن | ئىچكىرى، ئىچى |
| دىگىر | يەنە، قايتا، باشقا، ئىككىنچى |
| دىلگىر | دىلى چىگىلگەن، رەنجىگەن |
| دىرىنەسال | مۇشۇ يىلدا |
| دىشۋار | قىيىن، ئېغىر ھال، مۇشكۇلچىلىك |

ر

| | |
|---|---|
| رىسالەت | ئىبەرتىلمەك، ئىبەرتىلگەن |
| رىز | ① توكۇلگەن، پارچە؛ ② قۇم، تاش |
| رىبا | جازانە |
| رەبات | دەڭ، لەنگەر، ئوتەڭ |
| رەي | ئوي - پىكىر، مەيل، ئىختىيار |
| روي نىياز | ھاجەتمەن، ھاجەتنى بايان قىلىش |
| رەۋ | يۈز، ماڭغان |

ز

| | |
|---|---|
| زەرىپ | ھۇشيار، ئەقىللىق |
| زۇل جالال | كاتتىلىقنىڭ ئىگىسى |
| زەرف | سارغايغان |

س

| | |
|---|---|
| سانا | ماختاش، مەدھىيىلەش |
| سەبزە | يېشىل |
| سەللەللاھۇ | ئۇنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن |

| | |
|---|---|
| سەنەندى | سەن ئەمدى |
| سىغار | كىچىك |
| سۇبۇك | يەڭگىل |
| سۇرۇخ | قىزىل |
| سەر | باش، ئۇچ |
| سەمىن | قىممەت باها |
| سىياھ | قارا |
| ساكىن | توختاش، تۇرۇش |
| سۇراھ | قاچا |
| سەفىد | ئاق |
| سەللەم | سالامەت قىلسۇن |

ش

| | |
|---|---|
| شەر | يامانلىق |
| شىرىپ | ئۇلۇق |
| شەفىق | مېھرىبان |

غ

| | |
|---|---|
| غۇلتان | سۇ ئۇزگەن |

ف

| | |
|---|---|
| فىرەۋى | ئەگەشكەن |

پ

| | |
|---|---|
| پەرۋەردىگار | پەرۋىرىش قىلغۇچى، تەربىيىلىگۇچى |
| پۇشت | ئارقىسى |
| پۇجۇر | گۇنا، يامان ئىش |
| پىيما كىسىل | قېرى، سۇس، هورۇن |
| پۇرسەش | سوراش |

ق

| | |
|---|---|
| قومۇق پەنلەر | تۇرلۇك پەنلەر، بارلىق پەنلەر |
| قەرشۇ | ئالدىغا چىقىش |

| قەۋى | كۈچلۈك |
|---|---|

## ك

| | |
|---|---|
| كىبار | چوڭ |
| كەرىمان | سەخىلەر |
| كەشىت | ئايلىنىش، ئۆزگىرىش |
| كەسى | ئادەم |
| كەشۇر | دۇنيا |

## گ

| | |
|---|---|
| گىر | ئىگەللەش، قولغا كىرگۈزۈش |
| گەزىن | ئىلغانغان، تاللانغان |

## ل

| | |
|---|---|
| لۇتفى | مۇلايىملىق |

## م

| | |
|---|---|
| مەتائى | نەرسىلەر |
| مۇتتەسىل | دائىم، توختىماي |
| مۇئەززىم | ئۇلۇق، كاتتا |
| مۇلازىم | خىزمەتچى |
| مەۋجدار | ئورلىگەن، ئوركەشلىگەن |
| مۇستەفا | تاللانغان، ئىسىل، ئەڭ **خىل** |
| مۇسنەد | تەخت |

## ن

| | |
|---|---|
| نىيزە | هەم، شۇنىڭدەك |
| نەشىن | ئولتۇرغان |
| نەرەم | ئۇششاق، يۇمشاق |
| نەۋجۇۋان | ياش يىگىت، بالاغەتكە يەتكەن **ياش** |
| نەشۋە | كورۇنەرلىك، گۈزەل |
| ناغۇ | نىمىشقا |

| | |
|---|---|
| نشه | چاقچان |
| نسان چاغى | ئەتيياز ۋاقتى |

## ئو — ئۇ

| | |
|---|---|
| ئۇفتار | چۇشتى، يىقىلدى |
| ئوكسۇك | تۇل ئايال |
| ئول | بول |
| ئولهەز | ئۇ چاغ، ئۇ ۋاقت |

## ۋ

| | |
|---|---|
| ۋىردى | ئادەت، ئوقۇپ ئادەتلەنگەن ۋەزىپە |
| ۋالەئى | ئاشق، سەرگەردان |

## ھ

| | |
|---|---|
| ھەيدەر | شامال، ئارسلان، باتۇر |
| ھەم تەسلەم | ئوزئارا يۈز كورۇشۇش |
| ھەسبۇھال | ئوزىگە لايىق، قەدىر ئەھۋال |
| ھەرف | گەپ - سوز |
| ھەشەم | ھەشەمەت |

## ئە

| | |
|---|---|
| ئەۋساب | سۇپەتلەر |
| ئەستەغفىرۇللا | خۇدادىن گۇنايىمنى تىلەيمەن |
| ئەننۇ - نىشە | ھەرە، كەكە - پالتا |
| ئەلەيھى | ئۇنىڭغا |

## ئى

| | |
|---|---|
| ئىبنى | بالىسى، ئوغلى |
| ئىلىكلىماسا | يىتلىمىسە، باشلىمىسا |
| ئىھتەماد | ئىشەنگەن، يولەنگەن |

*Tamam*

*2013.01.14*